# تىل، ئەدەبىيات ھەم تارىخ
## مەسىلىلىرى

شەرىپ خۇشتار ئەپەندى ساقلىغان

ئەسلى نۇسخىدىن كۆچۈرۈلگەن

1995-يىل 5-ئاينىڭ 28-كۈنى

«قاراقىغاى» ژۇرنالىنىڭ نەشرىياتى
1948

# تل، ئەدەبىيات ھەم تارىخ مەسئلەلەرى

ئە. ھىدايەتوف ھەم ق. جەسەنفلارنڭ
تەھرىرى ئاستىدا

«قازاق ئېلى» ژۇرنالىنڭ نەشرىياتى
1948

## نەشرىياتتىن

بۇ توپلامغا كىرگەن ماقالىلار ئۆز ۋاقتىدا «شەرق ھەقىقىتى» ھەم «قازاق ئېلى» ژۇرناللىرىدا بېسىلغان بولسىمۇ، لېكىن تل، ئەدەبىيات ھەم تارىخ مەيدانىدىكى ئېغىر ئەھمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالاھىدە توپلام قىلىپ چىقىرىشنى ماقۇل كۆردۇك.

شەكسىز، بۇ بىرىنچى توپلام بولغاچقا، بەزى بىر مەسئلەلەر تېخى ئىلمى ۋە تارىخى جەھەتتىن ئىشلىنىپ يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ بۇ ساھادىكى ئېھتىياجىنى قىسمەن قاندۇرار دەپ ئىشىنىمىز.

پروفېسسور س. بې. مالوف

سسسر فەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر-ئەزاسى.

# ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى

ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئازىيە بىلەن مەركىزى ئازىيەنىڭ كۆپ جايلىرىدا ياشايدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمى زاماندىن ئارتىپ شانلىق ۋە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان تۈرك خەلقىدۇر. شۇ قەدىمقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرقى ۋاقىتتا مەركىزى خىتاينىڭ گەنسۇ ۋىلايىتىدە سۇجۇ ۋە گەنجۇ شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى «سېرىق ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى زامان دىنى بولغان بۇددى مەزھىپىگە ئىبادەت قىلىدۇ. شۇ قاتاردا ئۇلار مىللى دىنى — شامانىزىمنى تاشلىماي كېلىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلار ئون مىڭغا يېقىن بولۇپ، بىر قىسمى مانغوللىشىپ، بىر قىسمى خىتايلىشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاساسى كەسپى چارۋىچىلىقتىن ئىبارەتتۇر.

شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلى بىلەن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئارىسىدا خېلىلا فەرق بار. سېرىق ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىراتى بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا ئەرەب ۋە فارس سۆزلىرى يوق. ئۇلارنىڭ تىلىدا بىر ئاز بولسىمۇ خىتاينىڭ مەئمۇرى ۋە بۇددى مەزھىپى سۆزلىرى



ئاتىلىشى قالغان، ئاساسەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئانا تىلىدا سۆزلىشىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلار تىلىنىڭ فونېتىكا ئۆزگىچىلىكى ئالىملىرى كۆپ دەپ ئويلاشقا ئوخشاپ كېلىدۇ. كۆپچىلىك تۈرك خەلقلىرىنىڭ تىللىرىدا «چ» ئاۋازى بولسا، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا ئۇلارنىڭ ئورنىدا «ت» ئاۋازى، مەسىلەن: سېرىق ئۇيغۇرلار كەلتى، باردى دېسە، باشقا تۈرك خەلقلىرىدە: كەلدى، باردى، ئالدى دەپ ئېيتىلىدۇ. سېرىق ئۇيغۇرلار ھەرپلەرنى بۇرۇنلىق ئېيتقان سۆزلەرنى ھەرپتە بۇرۇنغا دەيدۇ. ئۇلاردا «ي» ھەرپى قاپىيە ئورۇنلاردا «ز»غا ئورۇنلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئاياق — ئازاق، ئويماق — قوزماق، توياق — توزماق دەپ ئېيتىلىدۇ.

سېرىق ئۇيغۇرلار سانلارنى كۆپىنچە تەرتىپ بويىچە گۈزدۈ. ئۇلار «ئون بىرنى — بىر يىگىرمە، يىگىرمە بىرنى — بىر ئوتتۇز، ئوتتۇز بىرنى — بىر قىرىق» دەيدۇ.

پېئىللارنى سەرپ قىلىشتا باشقىچە. سېرىق ئۇيغۇرلاردا ئۆتكەن زامان پېئىلى شۇنداق ئېيتىلىدۇ: مەن كەلتى، سەن كەلتى، ئۇ كەلتى، ئالار كەلتى...

شەرقى تۈركىستاندا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىداشلىرى ياشايدۇ. لېكىن بۇلار ئۆزلىرىنى سېرىق ئۇيغۇرلار دەپ ئاتىمايدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمقى زامانىدىكى بۇيۇملىرىنى ئۇنتۇشۇپ بۇددى ياكى خىرىستىيان مەزھەپلىرىدە ئەمەس، ئۇلار مۇسۇلمانلار. ئۇلارنىڭ ئاساسى كەسپى دېھقانچىلىق بولۇپ، ئۇلار قول ھۈنەرۋەنچىلىك (گىلەم توقۇش، قەغەز ئىشلەپ چىقىرىش ۋە باشقىلار)، چارۋىچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەنمۇ مەشغۇل بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار بىر نەچچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: لوبنۇر، تۇر-

ئۇلىرىنى (ئۇلار ئۇلىرىنى «ئوبدۇق» دەپ ئاتايدۇ) نامىلىق شىنجاڭدىكى كرىچىلىك ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تىلىدا ۋە مەدەنىيىتىدە پەرق بار. ئانگلىيە سەياھەتچىسى ئاۋرېل شتەيىننىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ تەرجىمانلىرى قايسى بىر ژاڭلاردا ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوبنۇر شېۋىسىنى تەرجىمە قىلىشتا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. لوبنۇر ئۇيغۇرلىرى تام ۋە قومۇشتىن سېلىنغان ئۆيلەردە ياشايدۇ. ئۇلار بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ھەم دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

لوبنۇر ئۇيغۇرلىرىغا يېقىن بولغان ئۇيغۇرلار — دولانلار بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار مارال. بېشى، يەركەن ئەتراپلىرىدا ۋە باشقا جايلاردا ياشايدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى بىر گۇرۇپپا بولۇپ مەلۇمكى، ئۇنىڭكى ئۇلارنىڭ تىلىدا بىر ئاز پەرق بار. شىنجاڭدىكى قالغان بارلىق ئۇيغۇرلارنى ئاتالغۇ. ئۇلار تەبىئىي شارائىتلار ئارقىسىدا (ئۇزۇن بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدىكى ئاھالىلار ۋە چۆل بەياۋانلار) بىر-بىرىدىن ئاجرىلىپ ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇلار ھەممىسى بىر پۈتۈن خەلق بولۇپ، ھېسابلىنىدۇ.

سېمىرېچىدا ئىككى يۈز مىڭغا يېقىن ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. بۇ ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىن چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ توپىسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 نچى يىللىرىدا كۆچۈپ چىقىلدۇ.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ئۆزبېكىستاندا، قازاقىستاندا. قىرغىزستاندا بىر ئاز ئۇيغۇرلار تۈركمەنىستاندا (بەيرام ئەلى ئەتراپلىرىدا) ياشايدۇ.

---

يۇسۇف زىيا شىرۋانى

# قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىي يادكارلىقلىرىدىن فراگمېنتلار*)

بۇ ماقالىمىزدا ئىسلامدىن ئىلگىرى بولغان قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككى فراگمېنتىغا توختالماقچىمىز. بۇلاردىن بىرسى — ئۇيغۇر مانىخېيلىرىنىڭ مانىخېيزم دىنى ئېتىقادىدا ئۇيغۇر ۋە سانى يېزىقلىرى بىلەن يېزىلغان تونۇا دۇئاسى بولۇپ، بۇ دۇئا — بۇرۇنقى ئۇيغۇر دىنى ئەدەبىياتىنى تەمسىل قىلىدىغان يادكارلىقتۇر. ئىككىنچى فراگمېنت — ئىسلامدىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق يادكارلىقى بولغان «چىستانى ئىلىك بەگ» داستانىدۇر.

بۇلارنىڭ بىرىنچىسى مىلادىنىڭ تۆرتىنچى ياكى بەشىنچى ئەسىرلىرىدە، ئىككىنچىسىنى بولسا — ئالتىنچى ياكى يەتتىنچى ئەسىرلەردە يېزىلغان دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىن.

بۇ ئىككى فراگمېنت ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بايلىقىنى ۋە چوڭقۇر مەنالىق مەزمۇنىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ زاماندا ئۇيغۇر تىلىنى، ئۇنىڭ ئەدەبىي ۋە گۈزەل ئۇسلۇبلىرىنى ھەم باشقا تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ تەكشۈ-

*) فراگمېنت — پارچىلار مەنىسىدە.

رەش ئۈچۈن بۇ فراگمېنتلارنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭدۇر. شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ماتېرىيال مەدەنىيىتى جەھەتتىنمۇ بۇ فراگمېنتلار تەسۋىر قىلىپ بولمايدىغان بىر تارىخى يادكارلىقتۇر.

قەدىمقى تورخۇن يېزىقلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان ۋە تورخۇن كىتابلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن تورخۇن دۆلىتى ئورنىغا مەركەزلىك ئەسىرلەردە چوڭ ئۇيغۇر دۆلىتى ئورنىغان. بۇ دۆلەت تورخۇن، ئىران، ماۋرەئۇننەھرى ۋە ھىندىستانغا ئوخشاش شۇ دەۋرنىڭ كلاسسىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ بوشۇگى بولغان. بۇ مەدەنى دۆلەتلەر بىلەن سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنى ئالاقىلار قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە خىزمەت قىلغان.

تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەڭ قەدىمقى ئەڭ كونا ۋە باي مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان ئۇيغۇرلار، بۈگۈن «ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ شۆھرەت تاپقان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىگە ئېنىقتۇر. بەزى بىر مۇلاھىزىلەرگە قارىغاندا، بۇ ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قانچە يېزىقلىرىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. بۈگۈنگىچە بىزگە ئەڭ قەدىمقى كونا تۈرك يېزىقلىرىدىن پەقەت تورخۇن ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىلا مەلۇمدۇر. لېكىن بۇ يېزىقلاردىن قايسىسى كونىراق دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش ناھايىتى قىيىندۇر. چۈنكى بۇ خۇسۇستا ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. لېكىن تۈرك شۇناسى* ژوزېف تورى[1]) نىڭ «ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن

*[1]) ژوزېف تورى — «تۈرك خەلقلىرىدە ئون تورتىنچى ئەسىرگىچە بولغان يېزىق يادكارلىقلىرى» لاسك 1897 نچى يىل 28 نچى بەت (فرانسۇزچە).



ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ئۆز تارىخلىرىنى يازغان» — دېگەن سۆزىگە قارىغاندا، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تورخۇن يېزىقىدىن كۆپ ئىلگىرى ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. چۈنكى تورخۇن يېزىقلىرىدىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە كەلگەن يادكارلىقلار مىلادىيىنىڭ 735 نچى يىللىرىدا تاشقا يېزىلغان خەتلەردۇر. يەتتىنچى ئەسىردىن ئىلگىرى ساقلانغان يېزىق بىلەن يېزىلغان يادكارلىقلار ئۇچرىمايدۇ.

دېمەك ئۇيغۇرلارنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان مەشھۇر «ئۇيغۇر يېزىقى» دىن ئىلگىرى يەنە باشقا يېزىقلىرى، ئېلىپبەلىرى بولغان ئىكەن.

مەلۇمكى، بۇرۇنقى ئۇيغۇرلاردا بىر دەۋرنىڭ ئۆزىدە ئۈچ خىل مەزھەب بولغان: بۇددى، مانىخېيلىق ۋە نېستورىي — خرىستىيانلىق. بۇ ئۈچ خىل مەزھەبتە بولغان ئۇيغۇرلار ئۈچ خىل يېزىق ئىشلەتكەن، بۇددى مەزھىبىدىكى ئۇيغۇرلار سوغدىلارغا يېقىن جايلاردا ياشىغانلىقلىرىدىن، سوغدى ئېلىپبەسىنى ئىشلەتكەن.[1]) مانىخېيلار ۋە خرىستىيانلار ئۇيغۇر تىلىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ئۆز يېزىقىنى ئۇيغۇر تىلىدە ئىشلەتكەن. ھىندىستانغا يېقىن ياشىغان بۇددى ئۇيغۇرلار سانسكرىت يېزىقى ئىشلەتكەن[2]).

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سىياسى ۋە مەدەنى كۈچى تاشقاندىن كېيىن بۇددىلارمۇ، مانىخېيلارمۇ، نېستورىيلارمۇ بىر ۋاقىتتا مۇكەممەللىشىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئۇيغۇر يېزىقىغا كۆچۈپ[3]) ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى يادكارلىقلىرىنى يارىتىشتا تەشەببۇس كۆرسەتكەن.

[1]) بارتولد — «تۈركىستان»، تاشكەنت، 1922 نچى يىل، 8 نچى بەت (رۇسچە)

[2]) بارتولد — «تۈركىستان»، شۇ بەتتە.

[3]) بارتولد — «تۈركىستان»، شۇ بەتتە.

مەلۇمكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە ئۇيغۇر دۆلەت ئەربابلىرى چىڭغىزخان سارىيىدا ئەڭ يۇقىرى ۋە مۇھىم مەنسەپلەردە بولۇپ، پۈتۈن چىڭغىزخان دۆلىتىنىڭ سىياسىتىگە ئۆز تەسىرلىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئۇيغۇر دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ بىر نەچچە ئەسىرلىك باي ئىش تەجرىبىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈر قورالى بولغان — ئۇيغۇر يېزىقى بىر نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇلۇغ مونغول دۆلەتلىرىدە ھۆكۈمەتنىڭ رەسمى خېتى بولۇپ كەلگەن[1]). بۇ ھالنى كۆرگەن ئىران تارىخچىلىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ فارس ۋە ئەرەب يېزىغىدىن ئۈستۈن بولىدىغانلىقىدىن قورقۇپ شىكايەتلەر بىلەن يازغان[2]).

ئون ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئالتۇن ئوردا دۆلىتىدە قىسمەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ھۆكۈمەت خېتى ماھىيىتىنى ئالىدۇ. ئالتۇن ئوردا سارىيىدا يارىتىلغان كۆپ ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىدە بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان.

ئون تۆرتىنچى ئەسىردە تۇغلۇق تىمۇر ۋە توختامىش خانلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقلىرى بىلەن يازغان ئۇرغۇن يارلىقلىرى تېپىلغان. بۇلاردىن كېيىن بۈيۈك ئوتتۇرا ئازىيە دۆلىتىنى تۈزگەن ئەمىر تىمۇرخانمۇ بىر مۇنچە ۋاقىت ئۇيغۇر يېزىقىنى رەسمى دەفتەرخانا خېتى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن[3])

---

1) مىر خۋاند — «چىڭغىزخان نامە». قول يازما 82 (فارسچە).
2) جۇۋەينى — «تارىخ جاھان گۇشا» قول يازما (فارسچە نۇسخىسى).
3) كرىمىسكى — «ئىران تارىخى ۋالخ» (رۇسچە نۇسخىسى).



ئون بەشىنچى ئەسىردە ئوتتۇرا ئازىيە ئۇيغۇر يېزىقى چاغاتاي نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ئۆزبەك كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. «مىراج نامە»، «تذكرة الاوليا»، «بختيار نامە»لارغا ئوخشاش ئۆزبەك ئەدەبىياتىنىڭ باي ئەسەرلىرى بولغان بۇ كىتابلارنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان نۇسخىلىرى ئاز ئەمەس.

ئاقساق تىمۇر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى شاھرۇخ بىلەن خىتاي ئىمپېراتورى ۋاي-مىن-خاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان دىپلوماتىك يېزىشمىلار خىتاي ۋە فارس تىللىرىدىن ئاشقىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەنمۇ يېزىلغانلىقى مەلۇم[1]). ئون بەشىنچى ئەسىردە ئازىيە قىتئەسىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنىڭ فارس، ئەرەب ۋە خىتاي تىللىرى بىلەن بىر قاتاردا بولغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈش مۇمكىن.

ئون ئالتىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تىمۇرىيلەرگە قارشى ھۇجۇم قىلغان ئۆزبەك خانى شەيبانى خانمۇ بىر نەچچە زامان ئۆزىنىڭ ئىدارە ئىشلىرىدە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئون يەتتىنچى ۋە ئون سەككىزىنچى ئەسىرلەردە قرىم، خىۋا ۋە باشقا خانلىقلار ئۆز يارلىقلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىشقان.

ئون سەككىزىنچى ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇر يېزىقى ھۆكۈم سۈرمىدى دېيىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ يېزىق شۇ دەۋردىمۇ ئېتىقادى مەزھىپىدە قالغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئىبادەتخانا ۋە بۇتخانىلاردا ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

---

1) ئابدۇررازاق سەمەرقەندى — «مطلع السعدين ومجمع البحرين»، قول يازما (فارسچە).

حازىرقى ۋاقىتتا «سېرىق ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار
…تارىخىدا بۇ ئۇيغۇر يېزىقى مىللى يېزىق سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ
كەلمەكتە. بۇلاردىن باشقىرى بۇ يېزىق بىر ئاز ئۆزگەرتىلگەن
شەكلىدە — مانجۇرلار[1])، قالماقلار، موڭغۇللار، بۇريات-موڭغۇللار
ۋە ياقۇتلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلمەكتە.

بۇ كۆرسىتىلگەن دەلىللەر ئىسلامدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قېيىپقى
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ ئەسىرلەر بويى يېزىق توغرىسىدىكى
ئۇزاق ۋە چوڭقۇر تەسىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئوچۇق دەلىلدۇر.

توققۇزىنچى ئەسىردە شەرقى تۈركىستاندا تۇرغۇزۇلغان ئۇلۇغ
ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ پايتەختى خوچو شەھىرى ئىدى. بۇ شەھەر
…تۇرپاننىڭ يېنىدا بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا چوڭ مەدەنىيەت ھەم
مائارىپ مەركىزى ئىدى. شەھەرنىڭ دوغان ئىمارەتلىرى
ۋە ئۇرغۇن قول يازما كىتابلىرى بۇنىڭغا چوڭ دەلىلدۇر. بۇ ئەسەرلەر
يادىكارلىقلار، خۇسۇسەن ئىككى دىنى ئېقىمنىڭ — بۇددى…
مانىچىلارنىڭ ياراتقان مەدەنى مەھسۇلاتلىرىدۇر. كېيىن بۇلارغا
…سۇرى ئۇيغۇرلارمۇ قوشۇلۇپ، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ
…لۇپ ئۆسۈشىگە خىزمەت قىلغاندۇر.

…خېيزم ئۇيغۇرستاندا مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدىن باشلاپ
قانۇنى تەشەببۇس قىلىنغان. مانىخېيزم ياكى مانىچىلىق تۆرتىنچى
بەشىنچى ئەسىرلەردە تارقالغاندۇر. نېستورىئان خرىستىئانلىرى
…سا، كوپىدىن بىرى ئورۇن ئېلىپ كەلگەنلىكى مەلۇمدۇر.
مانىخېيزم 342 نچى يىلى ئىراندا مانى ياكى لانېس (lanes)
… بىلەن مەشھۇر بولغان (فەيلاسوپ) ئالىم تەرىپى-

1) بار تولد — «تۈركىستان»، 8 نچى بەت (رۇسچە).



قىدىن مەيدانغا قويۇلغان دىنى ۋە فەلسەفى تەلىماتتۇر.
بۇ تەلىمات خرىستىئان ۋە قەدىمقى مىللى ئىران دىنى بولغان
دۇئالىزم (dualisme) مەفكۇرىسى بىلەن مۇرەككەبلەشتۈ-
رۈپ، بىرىم دىنى-بىرىم فەلسەفى نەزەرى مەزمۇنىنى ئالغان.
بۇ مانىخېيزم ئوتتۇرا قاتلاملارنىڭ فائىدىلىرىنى ھىمايە قىلغىنى
ئۈچۈن، قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئىراندا، بىزانستاندا، غەربى
ئازىيىدە، ئاۋروپادا ۋە ئافرىقانىڭ شەرقى تەرىپىگە تارقالغان.
مانىخېيزمنىڭ بۇ چوڭ ئۇتۇقلىرىنى كۆرگەن خرىستىئانلار مانى-
چىلەرگە قارشى قانلىق ھۇجۇم باشلاپ، ئۇلارغا ئېغىر زەربە
بېرىدۇ. نەتىجىدە 376 نچى يىلى مانىخېيزم يوقىتىلىپ، مانىنى
ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. تۆرتىنچى ۋە بەشىنچى ئەسىرلەردە مانىخېيزم
ئۇيغۇرستانغا تارقىلىپ، بۇيەردە جايلىشىپ قالىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلار-
دا مانىچىلار ئۇيغۇر مەدەنى مۇھىتى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇيغۇرلى-
شىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىدۇ.

شەرقى تۈركىستان كۆپ ئەسىرلەرگىچە ئانچە مەلۇم بولمىغان
بىر قىتئە حالىدا ياشاپ كەلگەن. ئاۋروپالىقلار بۇ ئۆلكىگە «يوشۇ-
رۇن ئۆلكە» دەپ نام بەرگەن ئىدى. بۇ قىتئەنى ئۆگىنىش
ئۈچۈن ئاۋروپا ئالىملىرى ناھايىتى قىزىققان. نەتىجىدە ئاۋروپا ئالىملىرى
بىر نەچچە يىللار قاتار كەينى-كەينىدىن شەرقى تۈركىستانغا ئىلمى
ئارخېئولوگىيەك ھەيئەتلەرنى ئەۋەتكەن.

بۇ ھەيئەتلەرنىڭ بىرىنچىسى 1902—1903 نچى يىللاردا
گرۇنۋېدېل (grunvedel) بىلەن ھۇت (Huth)، ئىككىنچىسى
1904—1906 نچى يىللاردا فون لېكوك (Von lecok) ۋە ئۈچىن-
چىسى بولسا، 1907—1909 نچى يىللاردا يەنە شۇ گرۇنۋېدېل

بلەن ئون لیکرك ئارخېئولوگىيەلك جەمئىدىن ئەكسپېدىتسىيە
ئوچۇن شەرقى تۈركستانغا كەلگەن.

بۇ ئۈچ ھەيئەت تۇرفان ۋادىسىغا كىلىپ ناھايىتى ئۇزىدىن
قېدىمقى ئۇيغۇر يادكارلىقلىرىنى ۋە قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى
تاپىدى. بۇلارنى كارۋان بىلەن ئاۋروپاغا ئېلىپ بىرىپ، ئاۋروپا
ئەللىرىدىكى بارلىق عەجايىپ خانىلارغا تولىدى.

تۇرفاندا ئوتكۈزۈلگەن بۇ چوك ئارخېئولوگىيەلىك ئەكسپېدىتسىيە
ئىشلىرىنىڭ باي نەتىجىسى توغرۇلۇق ئىنگلىز، فرانسۇز،
نېمىس، رۇس، ماجار ۋە باشقا ئاۋروپا تىللىرىدا چوك-چوك
ئەسەرلەر يېزىلىپ چىقدى. بۇ ئەسەرلەر پۈتۈن ئاۋروپا دۇنياسى-
نىڭ دىققىتىنى ئوزىگە جەلب قىلدى.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىستامبۇل مىللەتچىلىرى ئەڭ قەدىمقى
ئەڭ باي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى («تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ» يادكارلىق
ئەسەرلىرى دەپ پۈتۈن دۇنياغا جاكالىدى [1]). شۇنىڭ بىلەن
كونا ۋە باي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تامامەن ئىنكار قىلىشقا باشلى-
لىدى. خانبۇكى قېدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈر-
گەن — ئۇيغۇر خەلقىدۇر، بۇ مەدەنىيەتنىڭ قانۇنلى مىراسچىلىرى
بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ترك بولىشىغا قارىماسدىن، ئىستامبۇل
تەربىلىرى ئوزلىرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ
مىراسچىلىرى دەپ پۈتۈن دۇنياغا ئېعلان قىلىشلىرى كىشىنى
ناھايىتى عەجەبلەندۇرىدۇ(!)

1911 نچى يىلى لوندىندا چىقىدىغان ئىنگلىز ژۇرنالىدا

---

[1]) «تۈرك يۇردى»، باش ماقالە، ئىستامبۇل، 1912 نچى يىل.



...ون ليكرلەنگەن بىر ماقالىسى بېسىلىپ چىقدى، بۇ ماقالىدا كو...
...ئۇيغۇر تىلىدا ئېيتىلىپ ماقالىلارنىڭ مانى عىبادەتخانىلىرىن...
جاماعەت بىلەن ئوقۇلىدىغان بىر دۇعاسى بولغان، ئۇيغۇر ليتېرات...
ئەدەبىياتىدا بىر فراگمېنتنىڭ مەزمۇنى بېسىلىپ چىققان ئىدى [1])
بۇ دۇعانى بىرىنچى ئەسرنىڭ باشلىرىدا تۇرفاندا قەزىلگەن...
علمى ئارخېئولوگىيە ھەيئىتىنىڭ ئەعزاسى دوكتور شتەين...
(stinn) تاپىدىكى تون-خو-ئانغ ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا...
بۇددا دىرانىخانىلىرى، دىگەن بىر غاردىكى بۇددى عىبادەتخا...
ابىسىدىن تاپقان.

بۇ دۇعا ئۇيغۇرلارنىڭ تورتىنچى ۋە بەشىنچى عەسرلەرد...
مانى مەزھىبىنى قوبۇل قىلغانلىرىدىن كىيىن، مانى يېزىقى...
بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان مۇقاملىق بىر دۇعادۇر. دۇعانىڭ
مازمۇنى «خۇئاس تۇئانىفت» دۇر. بۇ مازمۇع ئۇيغۇرچە ئەس...
بولۇنىڭ ئېغى تەرجىمىسى يوق. ھەر حالدا تورتىنچى ۋە بەشىنچى
عەسرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنى ئوگىنىش ئۈچۈن بۇ دۇعانىڭ
تارىخى ۋە علمى ئەھمىيتى ناھايىتى چوك. بۇ دۇعا 338 قۇر-
لۇق بىر ليتېراتۇرى شېعىردۇر.

بۇ دۇعانىڭ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان نۇسخىسى تۇر-
فاندا تېپىلغان. ئۇنىڭ مەزمۇنى، كىشى تەرىپىدىن بولغان پۈتۈن
گۇناھلارنى عفو ئېتىشىنى تەكرىدىن سورايشىدىن عىبارەت.
بۇ دۇعا ئون بەش پارچە بولۇپ، ھەربىر ئۇن ئارا ساۋاق بىلەن
ئايرىلغان. بۇ پارچىلارنىڭ بەعزى بىرى «بوروزق» ۋە «ئاراكەزە...

---

[1]) ئازىيە علمى-ئارخېئولوگىك جەمعىيتى ژۇرنالى-لوندون
ئاۋغۇس 1911 نچى يىل (ئىنگلىزچە).

تەڭرىلىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى بولغان ئىلاھى ئېلېمېنتلارنىڭ ئوز ئارا كۈرەشلىرىنى ۋە جەڭلىرىنى چىرايلىق يوسۇندا تەسۋىرلەيدۇ. «يورۇق» ۋە «قاراڭغۇ» دېگەن ئىككى ئىلاھى كۈچنىڭ بىر-بىرلىرى بىلەن ئۇچراشقانلىرىدىن كېيىن، ئاندىن ۋاقىئەلەرنىڭ بولغىنىنى سوزلەيدۇ.

دۇئا مەجازى ۋە كىنايىلىك سوزلەرگە ناھايىتى باي. بۇ دۇئا شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ۋە ئېستېتىك (Estetique) قاراشلىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك ھۆججەت بولالايدۇ.

ئىنگلىز تۈرك شۇناسى دوكتور (leoncohun) بۇ دۇئانى ئوتتۇنچى ۋە بەشىنچى ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ — ئىران، خىتاي ۋە بىزانتىيىلىلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كورسىتىدىغان بىر ھۆججەت دەپ باھالايدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، بۇ دۇئا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى ۋە فەلسەفى پروبلېمىلارغا (مەسىلىلىرىگە) چوڭقۇر كوز قاراشلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. دۇئانىڭ تارىخى مەزمۇنىدىن تاشقىرى ئەدەبى ۋە گۈزەل مەزمۇنىمۇ ناھايىتى باي. بۇنىڭدا گۈزەل ئىبارىلار، ئىستىئارىلەر ئارقىلىق چىرايلىق ۋاقىئەلەر بىرەم خىيالى، بىرەم رېئالىستىك يوسۇندا تەسۋىرلىنىپ، ئۇيغۇر مانىخىلىرى ئوزلىرىنىڭ ئالدىنقى ۋە تەرەققىيپەرۋەر چۈشىنچىلىرىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇستەقىللىگى، بىرلىگى توغرۇلۇق يازغان. شۇ زاماندا بۇ دۇئا ئۇيغۇر مانىچىلارنىڭ دۇنياغا كوز قاراشلىرىنى روشەنلىك بىلەن نامايىش قىلىپ بېرىدۇ.

ھورمەتلىك ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى بۇ دۇئانىڭ بىر فراگمېنتى



بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئارزۇسى بىلەن، دۇئانىڭ ئىككى پارچىسىنى كەلتۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

T. 11. D. 173.1

1. هورموز .طنگرى بيش تنغرى
2. برلەقمع تنغريلر سوز يئلو كون
3. بك گە-سونگشكەلى كلتى
4. هيئتى، آنبع قيلينچليبع شمنولوغون
5. بيش تورلوع يكلر لوگون سونگوشتى
6. تنغر بلى يكلى پارىقلى قارالى اول
7. آردون قاتيلنى، هورموزطه تنغرى
8. اوغلانى بيش تنغرى بيزنگ اوزوموز توز
9. سوينى بكلوگون سزنگو شوب بالبع باشلبع
10. بولتى. ايما قمع يكلر اولولير
11. طوتونچون، اورتسوز سون بريك بوله
12. بوز آرتوقى قيرق تومن يك باولاق...

تەرجىمىسى:

ھورمۇزدا[1]) تەڭرى بەش تەڭرى[2]) بىلەن ۋە ھەممە تەڭرىلەرگە قارار بېرىپ شەيتان بىلەن جەڭ قىلىشقا كېلىشىدۇ. ئەمدى شەيتان ئوز قېلىچىنى چۈشۈرۈپ، بەش خىل ئوزىگە ئوخشىغان

---

[1]) ھورمۇزدا — ھۆرمۇزد — بۇرۇنقى ئىرانىلارنىڭ ياخشىلىق خۇداسى.

[2]) بەش تەڭرى بۇرۇنقى دەۋرلەردە تەبىئەتنىڭ قانۇنلىرىنىڭ خۇداسىغا ئوخشاش خىيالى فەلسەفە نەزەرىيەسىنىڭ ئالامەتلىرى بولغان ھاۋا، شامال، يورۇقلۇق، سۇ ۋە توپراقلارغا ئىشارىدۇر.

شەيتانلار بىلەن بۇ جەڭگە كېلىشنى قارارلاشتى. بورۇق تەڭ-رى[1]) ۋە قاراڭغۇ تەڭرى[2]) بورسى بىلەن قارىلاشتى.
خورمۇزدا تەڭرى بېگىتى بەش تەڭرى بىزنىڭ گۇناھىمىزنى رۇجىيەزدىن تامامەن يىراقلاشتۇرىدىغان بولدى. ئەمما ھەممە شەيتانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈشلىرىنى سەۋىرسىز ۋە قەناەتسىزلىك ھالدا كۆز قاراش بىلەن يۈز فىرقىلىك بەختسىز ئۆلگەنلەرنى ئېلىپ تاشلاشتى.

T. 11. D. 178. IV. 2

1. بىلىگىنگە قاتيلىب گوز كونگول سوز
2. كلمتى كنتو توغميش قيلينميش
3. منگيگو تنغرى يىربن ارنيغو هيتلدى
4. ياروق تنغريلير ديده آبريلمتى، آنتادا
5. ئابارو تنغريم يك قيلنچيننغا
6. آنج قيلينچلىع شمنو اوگوموزنى
7. صافينچيميز باز خوردوكين ا..ق ل.. اون...

تەرجىمىسى:

بىلىگە قېتىلىپ، مەھرۇم كۆڭۈلسىز كەلدى. ئۆزى تۇغۇلغان ۋە ئۆزى يارانقان ئەبەدى تەڭرىم ئۆز يېرىنى تاپالدى، يورۇق تەڭرىلىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى. ئۇ يەردىمۇ بار تەڭ-رىم شەيتان ئىشىگە، ئۇنىڭ قەستىگە ئىلتى ۋە پۈتۈن ئىجىب-ياتىمىز، بەختىمىز ھەم فىكرىمىز ئارالغاندەك بولغان...

---

[1,2]) بۇرۇنقى ئۇيغۇرلاردا خۇدا دۇئالىزم توتەمىزم ئاساسىدا ئىككى خىل بولۇپ، بىرى يورۇق (ياخشىلىق) ئىككىنچىسى قاراڭغۇ (يامانلىق) خۇداسى ئىدى.



بۇ ماقالىدا، ئىسلامدىن ئىلگىرى قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان دىنى-لىتوراتۇرى ئەدەبىياتىدىن قىيا دۇنيا فراگمېنتلىرى ۋە بۇلارنىڭ ئۇيغۇر مىللى مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئەھمىيىتىنى ئىزاھلاپ بەردۇك.

كەلگۈسىدە، ئىسلامدىن ئىلگىرى قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يادىكارلىقلىرىدىن دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ بىر فراگمېنتى بولغان «جىبستانى ئىلك بەگ» ھېكايىسى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئەدەبى، گۈزەل ۋە تارىخى ئەھمىيىتى توغرىلىق سۆھبەتلىشىمىز.

---

پروفېسسور ك. ئا. بورۇفكوف،
ئۆزبەكىستان فەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر-ئەزاسى.

# ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقان ئورنى

ئۇيغۇرلار — ئۆتكەن دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش تارىخىدا چوڭ ئورۇن ئىلىپ كەلگەن، بىر خەلقدۇر. ئۇيغۇرلار قەدىمقى زامانلاردا يۇقۇرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان شەرق خەلقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى مىلادىنىڭ VIII نچى ئەسرىدە خىتاي تارىخچىلىرى «تۇكيۇ» دەپ ئاتىغان خەلقنى يىڭىپ، ھازىرقى مونغولىيە يېرى بولغان ئورخۇن دەرياسى ھاۋزاسىدا كۈچلۈك دۆلەت تەشكىل قىلغان ئىدى.

IX نچى ئەسىردە شەرقى تۈركىستاندا كۈچلۈك ئۇيغۇر دۆلىتى تەشكىل بولۇپ، تا XII نچى ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلدى.

XII نچى ئەسىردە مونغول نەسلىك قارا خىتاي خەلقى شەرقى تۈركىستان بىلەن يەتتەسۇنى ئۆزىگە قارىتىپ ئالدى.

چىڭگىز خاننىڭ كۈچلۈك ئەسكەرلىرى XIII نچى ئەسىردە ئوتتۇرا ئازىيەگە تاراپ ماڭغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمى قارا



خىتايلاردىن بولۇنۇپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن چىڭگىز خانغا بويسۇندى.

شەرقى تۈركىستان بۇرۇنقى زامانلاردا بولغان مەدەنىي ئەللەردىن ھىسابلىنىدۇ. مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرىنىڭ خىتاي بىلەن دائىمى ئالاقىلىرى باشلانغاندا، شەرقى تۈركىستاندا زىراەتچىلىك مەدەنىيىتى ۋە ئابات شەھەرلەر بار ئىدى. بۇ نەچچە زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن شەرقى تۈركىستاندا خىتاي، ھىندىستان ۋە مەركەزى ئازىيەنىڭ ھەر تۈرلۈك مەدەنىيەتلىرى ۋە مەدەنىي تەسىراتلىرى ئورۇن ئىلىپ كەلدى.

VIII نچى ئەسىردە بولغان ئەرەبلەر ئىستىلاسى ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرىنىڭ شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىنى ئۇزاق شەرق مەدەنىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇتەرەققى ئازىيە مەدەنىيىتى بىلەن يېقىنلىشىشقا يول ئاچتى. لېكىن ئۇزاق ۋاقىتلاردا، ھەتتا مونغوللار ئىستىلاسىدىن كېيىنمۇ ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كونا ئادەتلىرىنى تاشلىماي كەلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىغى VIII نچى ئەسىرلەردە پەيدا بولغان بولۇشى كېرەك.

كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ فىكرى بويىچە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپبەسىنى ھازىرقى ئۆزبەكىستاننىڭ ئەڭ قەدىمقى يەرلىك خەلقلىرىدىن بولغان سوغدىلەردىن قوبۇل قىلغان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئاسارى ئەتىقىلىرى ئورخۇن دەرياسى بويىدا تېپىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا مانىخەي، خرىستىيان، بۇددى مەزھەبلىرى مەزمۇنىدا بولغان ئەڭ كونا ئۇيغۇر

ئەدەبىياتىدىن ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھوقۇقىي ھۆججەتلىرىدىن ئىبارەت بولغان كۆپ ئاسارى ئەتىقىلەر ساقلىنىپ كەلگەن.

ئەرەبلەر ئىستىلاسىدىن كېيىن ئىسلامنىڭ تارقىلىشى بىلەن بىللە، ئەرەب ئېلىپبەسى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى يېزىقىنى ئاستا ئاستا سىقىپ چىقىرىشقا باشلايدۇ. بۇ جەھەتتىن قارا خانىلار دەۋرىدىكى قەشقەر مۇسۇلمان دۆۋلىتىدە XI نچى ئەسىردە ئايرىم ئۆزگۈرۈشلەر باشلىنىدۇ. قارا خانىلار سامانىيلارنىڭ يېقى فارس دۆۋلىتى ھوكۇمدارلىرىنىڭ ھاكىمىيەتچىلىكىنى يوق قىلىپ، X نچى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا ئازىيەنىڭ كۆپ يېرىنى ئۆزلىرىگە قارىتىپ ئالىدۇ.

قەشقەر ئەڭ مۇھىم مەدەنىي ۋە ئىلمىي مەركەزگە ئايلىنىدۇ. لېكىن قارا خانىلار دۆۋلىتىدە بالاساغۇنلۇق يۈسۈف خاس ھاجىب تەرىپىدىن 1070 نچى يىلى يېزىلغان بىرىنچى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن بولغان تەلىم-تەربىيەۋى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىپبەسىدە يېزىلماي ئەرەب ئېلىپبەسىدە يېزىلغان كۆچۈرمىلىرى قەشقەردىن تاشقىرى جايلاردا خېلىلا كېيىن پەيدا بولىدۇ.

XI نچى ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرى: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى تازا تۈرك تىلىدۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا قوللىنىدىغان 24 ھەرپتىن ئىبارەت يېزىقى بار» دەپ يازغان ئىدى.

قارا خانىلار دەۋرىدە بولغان قەشقەر تىلىنى مەھمۇد قەشقەرى «خاقان مەلىكىلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئەڭ چىرايلىق تىلى» دەپ ھېسابلايدۇ.

لېكىن بۇ دەۋرلەردە ئەرەب ئېلىپبەسى قېدىمقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى تولۇق يۈسۈندا تېخى سىقىپ چىقارمىغان ئىدى.



قارا خانلار دۆلىتىنىڭ يىمىرىلىشىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئوت
ئوتتۇرا ئازىيەنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدىن ئاز ۋاقىت چەتتە
قالىدى.

لېكىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى ئەد
سەرلىرى يەرلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىللىرىدىن خېلى قويۇق
ئالاتتى، مەسىلەن: بۇ ئەرسىنى بىز ئەھمەد يۈكناكى دېگەننىڭ
«ھىبەتۇل ھەقايىق» ئەسىرىدە ياكى ئەھمەد يەسەۋى ۋ
ئۇنىڭ شاگىردلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا كۆرۈشىمىز مۇمكىن.

موڭغوللار شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال ئەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر-
لار چىڭگىزخان دۆلىتىدە يەنە چوڭ مەدەنىي بىر كۈچ بولۇپ
تۇرۇپ قالدى. بۇ تەسىرات چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ نەسىللىرىنىڭ
ۋىلايىتىگە كىرگەن شەرقىي ھەم غەربىي تۈركىستاندا ئۇلا كۈچ
لىنىڭ بولۇپ كەلدى.

- موڭغوللار قېدىمقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى بەزى بىر ئۆزگۈ
رۈشلەر كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈپ ئالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى
بولسا، دۆلەت ئىدارىلىرىدە چوڭ مەنسەپلەردە كەڭ يۈسۈن
ئىشلىگەن ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىنىپ كېلىۋاتقان تۈرلۈك
سۆزلەر موڭغول تىلىمۇ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان ئىدى.

XIII نچى ئەسىردە ئۆتكەن جۇۋەينى دېگەن ئىران تارىخچىسى
«تارىخ جاھانگۇشەي» دېگەن ئەسىرىدە ھەممە ئادەملەر ئىلىم-
پەن بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر تىلى ھەم يېزىقى
بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ بارىدۇ دەپ دەۋا قىلغان ئىدى.

بەزى بىر مەلۇماتلارغا قارىغاندا، XIV نچى ئەسىردە ئىراننىڭ

شىمالى قىسمىدا ياشىغان كۆچمەن خەلق ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇر ئېلىفبەسى ئەرەب ئېلىفبەسىگە قارىغاندا تولاراق مەلۇم ئىدى.

مونغول ھاكىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئازىيە ۋە ئىراندىكى سارايلىرىدا ئۇيغۇر خىزمەتچىلىرى چوڭ ئورۇنلاردا ئىشلەپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردىن چىققان مۇئەللىم ۋە پۈتۈكچىلەر تومۇر ۋە ئۇنىڭ نەسللىرىنىڭ دۆلەت ئىدارىلىرىدە دائىم ئىشلەپ كەلگەن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئېلىفبەسىنى قوللىنىش ئوتتۇرا ئازىيە بىلەن ئىراندا XV نچى ئەسرنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ توغرۇلۇق شۈبھىسىز مەلۇماتلار بار: تومۇرنىڭ تارىخىنى يازغان شارافىددىن ئىيەزدى (1454 نچى يىلى ۋاپات بولغان) ۋە پۈتۈن دۇنيا تارىخى «زۇبدەت–ئۇل–تەۋارىخ» نى تۈرك تىلىدا يېزىپ چىققان ئابدۇللا بىن مۇھەممەد بىن ئەلى نەسرۇللا تومۇر دەۋرىدىكى ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىرى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان «تارىخى خانى» دېگەن شېئىرى ئەسەردىن پايدىلانغان. بۇ ھەقتە «زۇبدەت–ئۇل–تەۋارىخ» دە تۆۋەندىكىلەر ئېيتىلغان: «تارىخى خانى دۇركى ئۇيغۇر بخشىلارى انى ئۇيغۇر خطى تلفظى بيلان پتب تۇرلار».

XV نچى ئەسرنىڭ داۋامىدا قىسقا مۇددەت ئىچىدە يەئنى 1432 نچى يىلدىن 1437 نچى يىلغىچە فەقەت ھېراتنىڭ ئۆزىدە ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئېلىفبەسى بىلەن بىر نەچچە ئەسەرلەر كۆچۈرۈلدى: «بەختىيار نامە»، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا»، «مىراج نامە» ۋە بۇلاردىن باشقا ھىراتتا ئابدۇرازاق باخشى دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى ئارقىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ نۇسخىسى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلدى.



ھېرات ئەسكەر بېشى بولغان شاھرۇخ مىرزا ئۇچۇن ئۇيغۇر ياشىسى باقىر مانسۇر 1402 نچى يىلدا تۈرك تىلىندىكى شېئىرى ھەم دىنى ئەسەرلەرنىڭ مەجمۇئەسىنى ئۇيغۇر ئېلىفبەسىدە كۆچۈرۈپ چىقتى. يەنە XIV نچى ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ شائىر خارازىمىنىڭ ئالتۇن ئوردا ئەمىرلىرىدىن بولغان «مەھەببەت نامە» سىمۇ ئۇيغۇر ئېلىفبەسىدە كۆچۈرۈلگەن.

ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ ۋە تومۇر نەسللىرىنىڭ خوسۇسى زاھىرىتتىن بابۇرنىڭ دادىسى ئومەر شەيخنىڭ ئۇيغۇر يېزىغى بىلەن يېزىلغان يارلىقلىرى مەلۇم. شۇنداقلا بولۇشىنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئازىيە، زاكاۋكازىيە ۋە كىچىك ئازىيە تىل ياشىلىقى دەۋردىكى تۈرك ئەدەبى تىللىرىنىڭ ئۆزىگە چوڭ تەسىر قىلغان.

XV—XVI نچى ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئازىيەدە چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەر، مەسىلەن: رابغۇزىنىڭ «قىساسۇل ئەنبىيا» دېگەن كىتابى ۋە تەرجىمە كىتابلار قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى بىلەن يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تۈرك ئەدەبى تىللىرى ئىچىدە ئەڭ كونا تىل بولغانلىقىدىن، تومۇر دەۋرىدە بولغان ئەدىبى سەككاكى، لۇتفى ۋە ئوتتۇرا ئازىيەنىڭ باشقا شائىرلىرىنىڭ شېئىرىيەت تىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەسىرى بولدى. ئۇلۇغ ئۆزبەك شائىرى ئەلىشىر ناۋايى «سەككاكى ۋە لۇتفىلار ئۇيغۇرچە چىرايلىق سۆز تىزىشكە ئۇستا شائىرلار» دەپ كۆرسەتىپ ئۆتكەن ئىدى.

ئوسمانلى تۈرك تىلى بىلەن ئەزەربايجان تىلىنىڭ باشلانغىچ ئۆزگىرىش دەۋرىدە ئۇلارنىڭ يازغۇچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يازغان

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ناۋايى دەۋرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئازىيە شائىرلىرىنىڭ، خۇسۇسەن ئۆزبېك خەلق شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كەڭ ئورۇن ئىگىلەپ كەلدى.

ئەسەرلىرىدە قىدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىرىنى قول-لاپ كەلگەن.

ئەلشىر ناۋايى دەۋرىگە قەدەر قىدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلىنىڭ تەسىرى ئوتتۇرا ئازىيەدە بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇلۇغ ئۆزبېك شائىرى ناۋايى يېڭى ئەدەبى تىل ۋە يېڭى ئەدەبى يول ياراتتى.

شەرقى تۈركىستاننىڭ ئوتتۇرا ئازىيە ۋە ئىران بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدە بولغان مەدەنى ئالاقىسى بارغانسېرى داۋام قىلىپ كەلدى. قىدىمقى ئىران داستانىنىڭ قەھرىمانلىرى ئەفراسىياب ۋە رۇستەم يۈسۈف خاس ھاجىبنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن داستانىدىمۇ بار. بۇ داستاننىڭ شېئىرى تۈزۈلىشى فىردەۋسىنىڭ مەشھۇر «شاھ نامە» سىغا ئوخشاپ كەلسە، مەزمۇنى شۇنداقلا مەشھۇر بولغان ئىراننىڭ «قابۇس-نامە» سىغا ئوخشايدۇ. شەرقى تۈركىستان بىلەن ئوتتۇرا ئازىيە ئارىسىدىكى مەدەنى ئالاقە كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ شۇ تىرىقىدە، يەئنى ئۇمۇمى مەدەنىيەتكە ئاساسلىنىپ تەرەققى قىلىپ كەلدى.

ئۆتكەن دەۋرلەردە بولغان ئوتتۇرا ئازىيە يازغۇچىلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. فەرغانىدا ياشىغان مۇترىبە دېگەن قەشقەر شائىرىسى ئۆز زامانىسىدا مەشھۇر ئىدى. ناۋايى دەۋرىدە تۇرغان شاھرۇختىدا ھىرات شائىرلىرى ئارىسىدىمۇ قەشقەردە تۇغۇلغان شائىر بولغان. XIX نچى ئەسىردە قوقان خىنى ئۆمەرخان دەۋرىدە بولغان ۋە قوقان شائىرلىرىنىڭ «مەجمۇئەتۇ شۇئەرا» دېگەن دىۋانىدا شېئىرلىرى بېسىلغان قەشقەر شائىرى ھۆسلەتنى ئۇچرىتىمىز.

پروفېسسور يې. ئې. بېرتېلس،
سسسر فەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر- ئەزاسى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇتقان ئورنى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوتتۇرا ئازىيەدە سەككىزىنچى ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا كۈچلۈك ئۇيغۇر دۆلىتى پەيدا بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىتلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن.

قەدىمى زامانلاردا ئۇيغۇرلار ئىقتىسادى ۋە مەدەنى تەرەققىياتىدا ئىلگىرى كەتكەن خەلقلەردىن ھېسابلىناتتى. ئىلىم، سەنئەت، ئەدەبىيات ئۇز دەۋرىگە يارىشا خېلى يۇقىرى باسقۇچتا تۇرۇپ، مەخسۇس ئۇيغۇر ئېلىفبەسى يارىتىلىپ قوللىنىلغان ئىدى.

شۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىن چىققان ئاتاقلىق چوڭ ئالىملار، چوڭ شائىرلار، بىلىمدان كىشىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. مانا شۇ دانىشمەنلەردىن بىرى قەشقەر خېنى بۇغرا قاراخان ۋاقتىدا ئۆتكەن مەشھۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يېزىپ قالدۇرغان «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن ئەسىرى پۈتكۈل شەرق ئالىمىدە شۆھرەت قازانغان ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىياتى تارىخىدا بىرىنچى يادىكار دەپ ھېسابلىنىدۇ.



ئۇيغۇر خەلقى تارىخىدا يېزىق ئادىتى شارائىتلاردا پە
بولغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. لېكىن ئەڭ قەدىمقى يېزىق
ئۇرۇۋلىشى بۇ يېزىقنى ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدىيلاردىن قوبۇل قىلغا
لىرىنى ئوبلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. سوغدىيلار بولسا ئۆزلىرى
تىلىنى ئاكلىتىشقا سۈرىيە خىرىستىئانلىرى ئارىسىدا تارقال
ئارامى خېتىنىڭ شەكلىدىن پايدىلىنىشقان. ئۇيغۇر تىلىدىكى بىز
مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمقى يادىكارلار: بىرىنچى — بۇددىيچىلار
خىتاي، تىبەت تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان دىنى كىتابلىرى، ئىك
چى — مانى (215 — 276 نچى يىللىرى) تەلىماتىنى (مانىخەي
بايان قىلغۇچى كىتابلار ۋە ئۈچىنچى — ئىش ھۆججەتلىرى.

بۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى ئۇيغۇرلارغا ت
شاندىن شىمال ۋە جەنۇبقا كەتكەن ۋىلايەتلەرنى ئوز ئ
ئالغان ۋە بىر قانچە تۈرك خەلقلىرى ئۈچۈن ئەدەبى تىل بو
قالغان تىلنى تەشكىل قىلىشقا ياردەم بەردى. ئۇيغۇر يېزىق
كۆپ ئوڭايسىزلىقلىرى بولغان بولسىمۇ، ئاما ئۇ سوغد
يېزىقىدىن مۇكەممەلرەك ئىدى. بۇ يېزىق ئۇزاق ۋاقىتلارغ
ساقلانغان، ھەتتا كونا دىنلارنى تامامەن قىسىپ چىقىرىپ، ئ
دىنى ۋە ئەرەب يېزىقى تارقالغان دەۋردىمۇ، كۆپ كىتابلار
كونا ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ يېزىلىشى داۋام ئ
گەن ئىدى. ھەتتا XV نچى ئەسىردە ھىراتتا كۆچۈرۈل
يېزىلغان ئۇيغۇر قول يازمىلىرى ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ كىتا
ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىكى مەشھۇر داستان «قۇتادغۇبىلىك»
(يەنى بەخت — ساادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم دېمەكدۇر. «قۇتاد
بىلىك» خارىجە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىزىلىق بولسۇن ۋە قىزىلى

دېگەنگە ئوغلىش سۆتلىرىدە ساقلىنىپ كەلگەن، بەخت مەنا-
سىدىكى بەرگۈچى قەدىمقى قۇت دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان).
فەن قىزلىپاسىدا مەلۇم بولغان بۇ داستاننىڭ بىرىنچى قول يار-
مىسى 1439 ئىنچى يىلى ھىرات شەھىرىدە كۆچۈرۈلۈپ يېزىلغان
ئىدى، ئۇ يەردىن تۈركىيەنىڭ توكات شەھىرىگە كېلىپ قالغان.
بۇ يەردىن XV ئىنچى ئەسرنىڭ ئاخىرقى چارىگىدە ئابدۇرازاخان
باخشى دېگەن بىر ئادەم ئۇچۇن ئىستامبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. XIX
ئىنچى ئەسرنىڭ بېشىدا بۇنى ئىستامبۇلدا ئاتاقلىق ئالىم (شەرقشۇ-
ناس) ھاممېر-پۇرگىشتال دېگەن كىشى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭ
ئاۋرۇپادىكى ۋېنا شەھىرىنىڭ مەشھۇر دۆلەت كىتابخانى-
سىغا چۈشكەن. ھازىرغىچە شۇ كىتابخانىدا ساقلانماقتا.
بۇ قول يازما ئىلمدە كۆپ قىزىقىشلار پەيدا قىلدى. شۇ
مۇناسىبەت بىلەن بۇنىڭغا بېغىشلىغان بىرىنچى ئىشنى فىرانسۇز ئا-
لىمى ژوبېر ئىشلىدى. لېكىن ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى ئۇنىڭ مەزمۇ-
نىنى تولۇق رەۋىشتە ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇيغۇر
يېزىقىنى ئوقۇش قىيىن، ئۇنىڭ تىلى كام مەلۇم بولغانلىقى ئۈ-
چۈن ئەسەرچىلىك يېزىۋىدا ئۇنى ھېچ كىم ئوقۇيالمىغان. پەقەت
1870 ئىنچى يىلى مەلۇم شەرقشۇناس گ. ۋامبېرى دېگەن ئالىم
ئۇنىڭ بەزى بىر قىسىملىرىنى: ئەسلى ۋە تەرجىمىسى بىلەن
بېسىپ چىقاردى. بۇ كىشىنىڭ ئوسمانلى تۈرك تىلىنى ۋە ئوتتۇرا
ئازىيە تۈرك تىللىرىنى ياخشى بىلىشى، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا
ياردەم بەردى. بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ تۈرك شۇناسى
بولغان ئاكادېمىك رادلوف دېگەن كىشى تەكشۈردى.
1897 ئىنچى يىلى بۇ كىشى تەرىپىدىن كىتابنىڭ ئەسلىنىڭ ۋە



تەرجىمىسىنىڭ كۆپ قىسمى باسىمغا تەييارلاندى. مانا شۇ ۋاقىت
ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغان كىتابنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى قا-
ھىرەدە تېپىلىپ قالدى، رادلوف يېزىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ
بۇ يېڭى قول يازمىنى ھەم تەكشۈرۈشكە كىرىشتى ۋە بۇ
كىتابنىڭ ئۆزى ۋە تەرجىمىنىڭ بىرىنچى تولۇق باسمىسىنى 1910
ئىنچى يىلى چىقاردى، رادلوفنىڭ ئۇيغۇر خېتىنى ئوقۇشتىكى زور
تەجرىبىسى ۋامبېرىنىڭ ئورغۇن خاتالىرىنى تۈزىتىشكە ۋە
ئەسلى نۇسخىنى خېلى دەرىجىدە ئېنىق چۈشۈنۈشكە
ياردەم بەردى. لېكىن بۇ ئالىمغا ھەممە قىيىنچىلىقنى يېشەلمىدى
ۋە داستاننىڭ كۆپ يەرلىرى چۈشۈنۈلمەسلىك بولۇپ كەلگەن
ئىدى. 1914 ئىنچى يىلى داستاننىڭ ئۈچىنچى قول يازمىسى ئۆز-
بېكىستاننىڭ نامانگان شەھىرىدە تېپىلىپ ۋە ھازىرقى ۋاقىتتا
تاشكەنت ئۆزبېك دۆلەت خەلق كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا. مانا
بۇ ئۈچىنچى قول يازما داستاننىڭ ئېنىقلانماي قالغان كۆپ
جايلىرىنى ئوقۇشقا ۋە ھازىرقى ۋاقىتتا سوۋېت ئالىملىرىغا
داستاننىڭ يېڭى مۇكەممەللەشكەن باسمىسىنى چىقىرىشقا مۇمكىنچىلىك
بېرىدۇ، بۇ داستاننىڭ چوڭ ئەھمىيەتلىك جايى ھەممىدىن ئىلگىرى
شۇكى، بۇ بىزگىچە كەلگەن ئۇيغۇر تىلىدىكى گۈزەل ئەسەر-
لەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسىدۇر. ئەفسۇسكى، بۇ كىتابنى يازغان كىشى
توغرىسىدا بىز ئاز بىلىمىز. كىتابدا يېزىلغان مۇقەددىمىدىن بۇ
كىشىنىڭ ئېتى يۈسۈپ ئىكەنلىگى، ئۆزى بالاساغۇن (چۇ دارياسى
بويىدىكى شەھەر) دېگەن يەردە تۇغۇلۇپ، بۇ داستاننى قەشقەر
ھاكىمىغا تەقدىم قىلغانلىقى ۋە بۇ قىممەتلىك ھەدىيە ئۈچۈن ھاكىم
تەرىپىدىن خاس ھاجىب نام بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقىنى بىلىمىز.

يازغۇچىنىڭ ئۇزىمۇ داستاننى 462 نچى ھىجرىيە يىلىدا، يەغ-
نى 1069 — 1070 نچى مىلادىيە يىلىدا يېزىپ بولغانلىقىنى بىلدۇ-
رىدۇ. داستان ئاروز ۋەزنى بويىچە شېئىر يۇسۇنىدا يېزىلىپ،
ئۇ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئازىيە ۋە ئىراندا كەڭ تارقالغان مەسنە-
ۋى ۋەزنىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. مانا شۇ ۋەزىندە فىر-
داۋسىنىڭ مەشھۇر «شاھنامە» دېگەن كىتابى، ئۇنسۇرىنىڭ
«ۋامىق» دېگەن داستانى، رۇداكىينىڭ بەزى بىر داستانلىرى
ۋە باشقىلار يېزىلغان. مەزمۇن بويىچە بۇ داستان پەندنامە
(نەسىھەت) كىتابىدۇر، يەنى دۆلەتنى قانداغ قىلىپ ئىدارە
قىلىشى، دۆلەت خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن لايىق ئادەملەرنى
قانداغ تاللاش، قانداغ قىلىپ شەخسى ۋە جەمئىيەت ھاياتىنى تۈ-
زۈش توغرىسىدىكى، فائىدىلىق مەسلىھەتلەر توپلانغان كىتابدۇر.
مانا شۇ مەزمۇندىكى كىتابلار شەرقتە كەڭ يۇسۇندا تارالغان ئىدى.
ساسانىيلار (III — VII نچى ئەسىرلەر) ۋاقتىدا ئوتتۇرا —
فارس (پەخلەۋى) تىلىدا يېزىلغان بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن
كىتابلارنى بىلىمىز، بۇ كىتابلار ئەرەب ئالىملىرى ئارىسىدا كۆپ
قىزىقىش تۇغدۇردى. ئالىملار قىسمەن شۇنداغ كىتابلارنىڭ تەئسى-
رى بىلەن ئۆزلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كىتابلارنى يازدى. بۇ-
لارنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتى ئارقىلىق فارس ئەدەبىياتىغىمۇ تەئسى-
رى چوڭ بولدى. مەسىلەن: 1082 نچى يىلى يەنى «قوتادغۇ-
بىلىك» يارىتىلىپ، تەخمىنەن ئون يىلدىن كېيىن گىلان ھاكىملى-
رى نەسلى قاي — قاۋۇس ئىبن ئىسكەندەر ئىبن قابۇس تەرىپىدىن
يېزىلغان شۇنىڭغا ئوخشىغان كىتابلار بىزگە مەلۇم. ئەمما يۇسۇف
بۇرۇنقى ئۇنىڭەلەرنىڭ ئىشلىرىدىن فائىدىلانغان بولسىمۇ، ھەر



ھالدا، بۇ كىتاب باشقىچە تۈزۈلگەن. مەسلىھەتلەرنى ئاددى با
قىلىش ئورنىغا، يۇسۇف ئېنىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان تۆر
قەھرىمانىنى يارىتىدۇ.
يۇسۇف: «ئەندى كىتابنىڭ باياندا كىتاب تۆرت شۇھرەتا
خۇسۇسىيەتلەرگە ئاساسلىنىدۇ» دەيدۇ. بىرىنچى ئادالەتلىك ۋە ھ
قانىيەتدۇر. بۇ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ھاكىمنىڭ ئېتى كۈ
تۇغدى — ئەلىك، ئىككىنچى دۆلەت، بەخت ۋە ئامەتدۇر. بۇ خ
سۇسىيەتكە ئىگە بولغان ۋەزىرنىڭ ئېتى ئاي تولدى، ئۈچىنچ
ئىقىل ۋە فاراسەت دۇر: ئۇنىڭ ئېتى ئوكتۇلمىش، تۆرتىنچ
قانائەتلىك ۋە ئىففەتلىكدۇر. ئۇنىڭ ئېتى بولسا، ئودغۇرمىشدۇ
بۇ تۆرت كىشىنىڭ ئۆز ئارا سۆھبەتلىرىدىكى مەقسىد
بىلەن يۇسۇف، ھاياتنى توغرى تۈزۈش توغرىسىدىكى فىكر
رىنى ئوقۇغۇچىغا بايان قىلىدۇ. لېكىن بۇ داستاندا بىر قان
جايلاردا ھازىر مۇ تەئسىر قالدۇرىدىغان شېئىرلەر بار. مە
لەن: داستاننىڭ بېشىدا يازنى تەسۋىرلەش ياكى ئاخىرىدا ئ
تۈپ كەتكەن ياشلىقنى قانتىق ئېچىنىشقا ئوخشىغان شېئىرلار چو
ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغان. ئەمما كىتابنىڭ ئاساسى قىممىتى ئۇن
گۈزەل تامامليرىدا ئەمەس، بەلكى تىلىنىڭ تۈزۈلىشىنى تەفسىل
رەۋىشدە بەلگۈلەشكە ئىمكانىيەت بەرگۈچى XI نچى ئەسىرن
ئەدەبى تىلىنىڭ چىرايلىق ئۆلگۈسى بولۇشىدىن ۋە شۇ دەۋرن
سىياسى ھەم ئەخلاقى قاراشلىرىنىڭ ھەممە يىغىندىسىنى بىر
شىدىن ئىبارەتدۇر.
يۇسۇف كىشىدىن ھەممىدىن ئىلگىرى باتۇرلۇق، ۋىجدانلى
توغرۇلۇقنى تەلەب قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ فىكرىچە ئاساسى ۋە ئ

ياخشى خسلەتلەردۇر. كشى باشقىلار بلەن مۇئامىلە قلغان ۋاقتىدا سوزدە بيخل، تېج ۋە تاقەتلك بولۇپ، بەختسزلككە ئۇچرىغاندا، رۇھىنى چۈشۈرمەسدن چدامىلق ۋە قانئق بولۇش لازم.

بۇ كتابنى چۇڭقۇر ۋە ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ناھايىتى زەرۇر. بۇنىڭدىن كوپ ئلگىرى ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل سۈرىتىنى كوز ئالدىمزغا كەلتۈرۈشكە بزگە چوڭ ياردەم بېرىدۇ. شەرق تارىخىدا، خۇسۇسەن ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىياتىدا بۇ كتاب فىكرلىرىنىڭ ئەكس ئېتتىلىشىنى تەكشۈرسەك خېلى مەسئىلىلەرنى ئېنىقلىشىمز مۇمكىن.

بۇ ئەجايىپ كتابنى ئۆگەنگەندە، يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ ئلم — ھەممىدىن يۇقۇرى، ئەڭ زەرۇر ۋە قممەتلك بر نەرسە دېگەن فكرى ئۈچرۇق.

يۈسۈف خاس ھاجىپ پەن ۋە بلىم بردىن بر توغرى يول، بۇنىڭ ئارقىلىق ئنسانىيەت بەختىگە ۋە ئوزىنىڭ تلەكلىرىگە يېتىشەلەيدۇ، دەيدۇ. بۇ توغرىدا كتابدا مانداغ دېيىلگەن:

بىلىگنى بەردۇك بىيىل! ئوقۇ جوق ئۇلۇغ،
بۇ ئىككى بەدودور ئۇدۇرمىش قولۇغ،
ئوقۇشلۇق ئوقار ئول، بىلىكلىك بىلور،
بىلىكلى، ھۇقوقلى تلەككە تېگۈر.

يەئنى بز كەلتۈرگەن بۇ پارچىنىڭ مەئنىسى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر: «بىلىگنىڭ بلىم يۇقۇرى، ئۇقۇملۇق بولۇش ئۇلۇغ نەرسىدۇر، بۇ ئىككى خۇسۇسىيەت ئادەمنىڭ دەرىجىسىنى كوتۈرىدۇ. ئۇقۇملۇق ۋە بلمچان ئادەم مەقسىدىگە ئلدام يېتىدۇ».

---

يۈسۈف زىيا شىرۋانى

# مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋان لغات الترك» كتابى

مەھمۇد قەشقەرى ئەڭ بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، ئەڭ مەشھۇر تلچى (فىلولوگ) ۋە دەۋرىنىڭ ئەڭ قبرى مۇتەپەككۇرى ئېدى.

مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن ئەرەب تلىدا يېزىلغان «دىۋان لغات الترك» ئەسىرىنىڭ تل تازىلىغى، فەساھەت ۋە بەلاغىتى، جۈملە قۇرۇلۇشى ۋە ساپلىغى يازغۇچىنىڭ ئەرەب تلىدا، خۇسۇسەن ئەرەب ئەدەبى ئۇسلۇبى ساھاسىدا قانداغ باي بلمگە ئېگە ئېكەنلىگىنى ناھايىتى ئوچۇق ئسپاتلايدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى تۈرك تلىدىكى مللى مەدەنىيەتنىڭ ئسلام مەدەنىيىتى تەرىپىدىن تامامەن يېمىرىلىپ نابۇد بولماسلىغى ئۈچۈن كوپ غەيرەت قلغان كشى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەھمۇد قەشقەرى ئسلام شەرقىنىڭ ئاتاقلىق تەربابلىرى قاتارىغا تولۇق يوسۇندا كرىدۇ. شۇنىڭ بلەن بللە ئۇ، ئوز خەلقىنىڭ مەدەنى مەھسۇلاتىدۇر.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۇغۇلۇپ ئوسكەن مۇھىتى ۋە مەھمۇد

نى پەرۋەرش قلب ئوستۇرگەن موھيت قەشقەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئۇيغۇر مۇھيتى ئيدى. قەشقەر ئەينە شۇ تاريخى پەيتلەردە ئككنچى ئۇيغۇر دوۋليتينڭ مەركىزى بولۇب، قارا خانيلار ديگەن ئۇيغۇر خاقانليرى سەلالەسى تەريفيدن ئيدارە ئليناندى.

ئۇيغۇر پاينەختيديكى ئەينە شۇ ئۇيغۇر مللى مۇھيتى بر نەچچە عەسرلەر داۋاميدا ئوتتۇرا ئازييە ۋە كچك ئازييەدە باشلب كەلمەكدە بولغان باشقا تۈرك خەلقليرينڭ مللى مەدەنيەتليريديكى كەلگۈسى تەرەققيياتلاردا ۋە ئوسۇب شەكللنش-ليريدە كوز گە كورينەرلك رول ئويناب كەلگەن چن ئۇيغۇر مللى سەدەنيىتينڭ كوپ تار ماقلق مەركيزى ۋە مەنبەعى ئيدى.

ئەينە شۇ ئۇيغۇر مللى مۇھيتى-ئوز مللى ئۇيغۇر مەدە-نيىتينى، ئسلام مەدەنيىتينى، ئسلام دينينى تولۇق ياكى بر ئاز قوبۇل قلغان بارلق تۈرك خەلقليرينڭ مەدەنيەتليرينى ئوز تەركيبيدە مۇرەككەبلەشتۇرۇب، قيديمقى ئۇيغۇر مللى مەدەنيىتينڭ پۈتۈن مۇۋاففەقييەتليرينى، پۈتۈن ئۇ نۇ قليرينى ياكلبۇاشدن ئشلەب چقارغان، ليتيجيلەشتۇرگەن ئەدەبى ۋە مەدەنى بر مۇھيت ئيدى.

قەشقەرنڭ ئۇيغۇر زيياليليرى قاتليمينڭ ھۆلينى سالغان ۋە مەعنەۋى موھيتنڭ ئاساسينى قورغان علم ۋە مەعريفەتنڭ يوقۇرى دەريجيدە بولغانليغينى كورسۈتيديغان بەعزى بر تاريخى مەعلوماتلار بار.

مەعلۇمكى، بۇ مۇھيتدن ئۇيغۇر خەلقينڭ مەدەنيەت ئەر



بابليرى يېتيشب ئوسكەن ۋە بۇلارنڭ سانيمۇ ئاز بولميغان. ئەفسۇسكى، تاريخ ئۇلاردن فەقەت ئككيسينڭلا ناميني ساقلاب كەلتۇرگەن: يۇسۇف خاس حاجب ۋە مەحمۇد قەشقەرى.

يۇسۇف خاس حاجب ئوزينڭ مەشھۇر «قۇتادغو بلك» ديگەن شاه ئەسيرينى مەيدانغا قويغان. مەحمۇد قەشقەرى بولسا ئۇيغۇرلار، ئوغوزلار، تۈركمەنلەر، قرغزلار ۋەباشقا تۈرك خەلقلي رينڭ ئوبلۇسليرى بوييچە علمى سەياحەتلەر قلب، بۇ خەلقلەرنڭ فولكلورى، ئەدەبيياتى، تاريخى ۋە ئيتنوگرافييە ساحاليريدا تولا قممەتلك مەعلۇماتلارنى توپلاش ۋە تەكشۇرەش بلەن مەشغۇل بولغان.

مەحمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقليرينڭ مللى مەدەنيەتليرينى، چەكسز بايلقليرينى ھەر تەرەفليمە كەڭ يۇ سۇندا خەلق ئاريسيغا تارقاتدى ۋە يايدى. ئۇ ئوزينڭ «ديۋان لغات الترك» ئەسيرينى عەرەب تليدا ييزب، عابباسلاردن بولغان ئەبۇلقاسم ئيبن عابدۇللاھغا بيغشلاب تەقدم قلدشى، ئەلبەتتە تەساديفى حال ئەمەس! چۈنكى يۇسۇف خاس حاجب ئوزينڭ «قۇتاد غۇبلك» ئەسيرينى ئۇيغۇر تليدا ييزب، قاراخانيلاردن بولغان ئۇلۇغ بۇغراخانغا تەقدم قلغان ئيدى. بۇ ئككى ئەسەر بر مۇحيتدا ۋۇجۇدقا كەلگەنليگيگە قاريماى، ئۇيغۇر ۋە عەرەب تلليريدا ئيجاد قلنغاندۇر. ديمەك ئۇ مۇحيت ئوز غايەليرينى ئيفاديلەشدە ھەر ئككى تلدن بەرابەر فائيدليناندى. ئەلبەتتە بۇ ئاز ئەھمييەتلك بر مەسئيلە ئەمەس! شۇنيمۇ تەئكيدلەب ئوتۇشيمز كيرەككى، يۇقۇريدا ئاتالغان ئۇيغۇر خاقانى شۇندا ئەدەبى تەقدملەرگە لايق بر حوكۇمدار ئيدى. چۈنكى ئۇ ئوز

ئېلىدا مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ۋە مەئارىپنى ھىمايە قىلاتتى. مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن ئەل ئەسىر ئۇلۇغ بۇغراخان توغرىسىدا شۇنداغ يازىدۇ: «ئۇ ئۆز ئېلىنىڭ ئالىم ۋە دانالىرىنى سۆيەتتى، ئۇلارغا كۆپ ئىھتىرام قىلاتتى ۋە پادشاھلارچە سوۋغىلارنى تەقدىم قىلاتتى».[1])

مەھمۇد قەشقەرىگە ئوخشىغان ئالىمنىڭ تەرجىمەئى ھالىنى بىلىش ناھايىتى مۇرەككەپ، قىيىن بىر ئىشدۇر. ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن، ئۇنىڭ ھاياتىدىن،ئۇنىڭ دەۋرىدىن، ئۇمۇمەن ئىسلام شەرقىدىكى خەلقلەرنىڭ يازغۇچىلىرى ۋە باشقا بىرەر تارىخى ئەربابلارنىڭ تەرجىمەئى ھاللىرىنى ئۆگۈنۈشدە ئۇچرىغان ئېغىر ھاللاردەك، بۇ توغرىدىمۇ قولىمىزدا ھېچ قانداغ مەئلۇمات يوق. بۇ بولسا، ئالدىمىزغا قويۇلغان مەقسەدنى ناھايىتى ئېغىرلاشتۇرۇدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شەخسى تەقدىرى، ئۇنىڭ دۇنياغا كۆز قارىشى، بىز ئۈچۈن روشەن ئەمەس. فەقەت ئۇنىڭ ئەسىرى بولغان «ديوان لغات الترك» كىتابىلا ئۇ توغرۇلۇق بىردىن-بىر مەنبەئ بولالايدۇ. بۇ ئەسەردە ئۇنىڭ تەرجىمەئى ھالى توغرۇلۇق مەئلۇماتلار ناھايىتى ئاز. شۇنداغ بولسىمۇ بۇلار ئارقىلىق ئۇلۇغ ئۇيغۇر تىل ئالىمىنىڭ شەخسى خوسۇسىدا ھەر ھالدا بەئزى بىر مەئلۇماتلارنى بېرىش مۇمكىن.

مەھمۇد ئىبىن ئەل خۇسەين ئىبىن مۇھەممەد قەشقەرى ئېھتىمال، ئون بىرىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە تۇغۇلسا

[1]) ابن الاثير «الكامل فى التاريخ» 9 جيلد، 70 بەت. القاهره 1905.



كېرەك.[1]) يازغۇچىنىڭ شەخسى كۆرسەتمىسىگە[2]) قارىغاندا قاراخانىلاردىن ئەمىر نەسىر ئىبىن ئەلى[3]) نىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

بۇ ئالىمنىڭ مىللى جىنس مەسئىلىسىگە كەلسەك قەتئى رەۋىشدە مەھمۇدنىڭ قەشقەرلىق ئۇيغۇر ئىكەنلىگىنى تەسدىقلىشىمىز كېرەك. چۈنكى يازغۇچى ئۆزىنىڭ «ديوان لغات الترك» ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئېنىق مەئلۇمات بەرگىنىدە، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇب ئىكەنلىگىنى شۇنداغ ئىئتىراف قىلىدۇ.

«شۇ كىتابنىڭ مۇئەللىفى ئەينە شۇ نەجىب ئۇيغۇر خەلقىغە مەنسۇپدۇر» دەپ ئېيتىدۇ[4]) بۇ ئىزاھنىڭ ئاخىرىدا مەھمۇد قەشقەرى تۈركىستان ئۆلكىسىنى سامانى ئەۋلادلىرىدىن ئىشغال قىلىپ ئالغان قارا خانى خاقانىنى ئۆزىنىڭ چوڭ بوۋىسى دەپ ھىسابلايدۇ[5])

ھەر ھالدا مۇنەججىم بېشى بۇ خاقاننى (مەھمۇد قەشقەرىچە خەمىر تەكىن) 1 نچى نەسىر ئىلىك خان دەپ ئاتايدۇ.

[1]) مەھمۇد قەشقەرى، «ديوان لغات الترك» ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ قەشقەرلىق بولغىنىنى ئوچۇق تىل بىلەن كۆرسۈتۈپ ئۆتىدۇ. (1 جىلد، 5 بەت).

[2]) مەھمۇد قەشقەرى «ديوان لغات الترك» 1، جىلد، 102 بەت. بۇ يەردە «ئەمىرى سوزىنىڭ فونىتىكىسى توغرۇلۇق سوزلىگەندە، ئوز ئجتىمائى چقىشىنى ئوچۇق ئېيتىدۇ. بوۋىمىز تۈركىستانى سامانىيلار ئەۋلادلىرىدىن ئالغان بەگدۇر.

[3]) «تۈركمەنلەر ۋە تۈركمەنستان تارىخىدا ماتېرىياللار» 1 جىلد، 31 بەت. موسكۋا 1939 يىل.

[4]) مەھمۇد قەشقەرى، «ديوان لغات الترك» 1 جلد، 112بەت. (مليةالنجيبة الايغرية).

[5]) شۇ ديۋاندا 1 جلد، 113 بەت.

بۇ خاقان عەرەب مۇررىخى ئىبن ئەل ئەسر ۋە مۇنەججىم باش-
لىرىغا قارىغاندا، مىلادى 999 نچى يىلى بۇخارانى ئىشغال قىلىپ
ئالغان ۋە سامانىيلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە زەربە بىرىپ، ۋەيران قىلغان
خاقاندۇر. كىيىنكى ۋاقىتلاردا مۇنەججىم بىشى ئىبن ئەل ئەسر،
ئىبن خەلدۇن، بولۇپمۇ ياقۇت ھەمىلەرنىڭ ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ،
قاراخانىيلارنى ئۇيغۇر پادشاھلىرى (الملوك الايغريه) دەپ
ئاتايدۇ [1]

شۇلارغا ئوخشاش ئاۋروپا شەرق شۇناسلىرىدىن فرانمۇ
قاراخانىيلار توغرىسىدا سوزلىگەندە «تۇركستان ئۇيغۇر خاق-
لىرى» دەپ ئوتىدۇ. رۇس تۇرك شۇناسلىرىدىن ۋ. ۋ. گرىگورىيېف،
ئاۋستراليە پروفىسسورى ئىدۇئارد زاخائۇلارمۇ قاراخانى پاد-
شاھلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىغانلىرىدەك، مەشھۇر تۇرك شۇناس
ئاكادىمىك رادلوف ۋە مىۇللىرلارمۇ قاراخانىيلار سەلالەسىنىڭ ۋە-
كىللىرىنى ساپ ئۇيغۇر دەپ ھىسابلايدۇ. بۇ ھوججەتلەر بەعزى
بىر قارىمۇ-قارشى فىكرلەرنى ۋە ھىچ بىر علمى ئاساستا تاياز-
مىغان مۇلاھىزىلەرنى تامامەن فاش قىلدى. بۇ چىرك فىكرلەرگە
قارىغاندا، مەھمۇد قەشقەرى گويا تۇركلەشكەن عەرەب ياكى
تۇرك ئىمىش! ھەقىقەتتە شەرق ۋە ئاۋروپا عالملىرى قەتعى يۇسۇندا
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسل ۋە ساپ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپات-
لايدۇ. بۇ عالمنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ھىچ قانداغ
شەك يوقدۇر.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى-ھوسەين ئىبن مۇھەممەد-

[1] مونەججم بيشى «جامع الدول» «تركستاندا ايغور خاقان-
لرى» بابى.



بارساگان ياكى باشقىچە ئىيتقاندا بارسوخان شەھىرىدە تۇغۇلغان
ۋە ئوسكەن. بۇ شەھەر ئىسسىق كولنىڭ جەنۇبى قرغىغىدا ئىدى.
مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى بارساگان شەھىرىدىن ئىكەنلىكىنى
قەشقەرىنىڭ ئوزىدىن بلىمىز؛ چۈنكى عالم بۇ شەھەر خۇسۇسىدا
ئىفادىلىگەن سوزىدە شۇنداغ بر جۇملە ئىشلىتىدۇ. «وهى امدي-
نة منها ابومحمود» يەعنى ئۇ (شەھەر) مەھمۇدنىڭ ئاتىسى چىققان
شەھەردۇر».

ئەفسۇسكى، مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭ ئجتمائى ۋەزعىيىتى ۋە
باشقا بۇنىڭغا ئوخشاش تەرسىلىرى توغرۇلۇق ھىچ قانداغ
مەعلۇماتقا ئىگە ئەمەسمز.

مەھمۇد باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەعلۇماتنى «باش» قاراخا-
نىيلارنىڭ پايتەختى بولغان قەشقەردە ئالغان ئىكەن. بەعزى
رىۋايەتكە قارىغاندا، مەھمۇد عالى مەعلۇماتنىمۇ شۇ قەشقەردىكى
يۇقۇرى مەدرىسىلەرنىڭ برىدە ئالغان.

بر مۇنچە ئىران ۋە ختاى سودىگەر ۋە سەياھەتچىلىرىنىڭ
گۇۋاھلىرىغا قارىغاندا، قەشقەر شۇ دەۋردە ئەڭ عالى دەرى-
جىلىك يوقۇرى بلم ئورۇنلىرى بلەن شۇھرەت تاپقان بر شەھەر
بولغان. بونىڭدىن تاشقىرى X نچى عەسردە مەشھۇر ختاى سە-
ياھەتچىسى ۋان-ياڭ-نى ئۇيغۇر ئولكىسىدە، خۇسۇسەن قەش-
قەردە، ئاھايىتى باى كۇتۇپخانىلارنى كورگىنىنى سوزلەيدۇ.

كەلگۇسىدە ئوز عالى تەھسىلىنى تامام قلش ئۇچۇن مەھمۇد
قەشقەرى ئوتتۇرا ئازىيە شەھەرلىرى بويىچە سەياھەت قلىپ،
بۇ شەھەرلەردىكى، يەعنى بۇخارا، سەمەرقەند، مەرۋە ۋە نىشابور-
دىكى عالملاردىن دەرس ئالىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرلەردە مەھمۇد

دەۋرىدە، مەشھۇر ئاكادىمىيلەر بار ئىدى. بۇ شەھەرلەردىكى ئاكادىمىيلەر (مەرۋە ۋە نىشابۇر ئاكادىمىيلىرى) مەشھۇر سەلجۇق ۋەزىرلىرىدىن بولغان نىزامى ئەلمۇلك تەشەببۇسى بىلەن تۈزۈلگەن ئىدى.

شۈبھە يوقكى، ئوتتۇرا ئازىيە قاراخانىيلار حاكىمىيىتى دەۋرىدىمۇ شۇنداغ قوشۇمچە تەربىيەۋى ئوسۇللار بار ئىدى. ھەر حالدا مەحمۇد قەشقەرىنىڭ بۇنداغ شەخسى ئىعترافى ھىچ قانداغ شۈبھىگە ئورۇن قويمايدۇ.

مەحمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان لغات الترك» كتابىنىڭ باي علمى مەزمۇنى، بۇ كتابنىڭ ئاساسى گوھىرىنى تەشكىل قىلىدىغان علمى خەققانىيەت ۋە بىرىلگەن مەعلۇماتلار حازىرقى دەۋردىمۇ يۇقورى علمى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگى ئۇنىڭ چوڭ علم ئەربابى ئىكەنلىگىنى ئوچۇق تەسدىق قىلىدىغان بىر دىللىدۇر.

يۈسۈف خاس حاجىب بىلەن مەحمۇد قەشقەرىلەرگە ئوخشاش عالملارنىڭ بىر دەۋردە بىر تارىخى شارائىتتا ۋە بىر مۇحىتتا ئۆمۈر كەچۈرىشى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ علمى ۋە ئەدەبى تەفەككۇرىنىڭ قانداغ ئۆتكۈر ۋە باي ئىكەنلىگىنى، ئۇيغۇر مللى زىيالىلار مۇحىتىنىڭ قانداغ كۈچلۈك ئىجادى قۇۋۋەتتىن عبارەت ئىكەنلىگىنى كۆرسۈتىدىغان ئوچۇق بىر مىسالدۇر!

مەسئىلىنىڭ ئەڭ عەجايىب تەرىفى شۇكى، مەحمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ چوڭ — «دىۋان لغات الترك» ئەسىرىنى ئىككى يىل مۇددەت ئىچىدە، يەعنى 1072—1074 يىللار داۋامىدا يېزىپ تۈگەتتى. چۈنكى بۇ «دىۋان»غا ئوخشاش چوڭ ئەسەرنى يېزىپ تۈگۈتۈش ئۈچۈن ئىككى يىل ناھايىتى ئازلىق قىلىدۇ. بۇنداغ



قىسقا مۇددەتتە «دىۋان» دەك مۇھىم بىر ئەسەرنى يېزىپ مەيدانغا قويۇش، ئۇنىڭ چوڭ تەييارلىغى ۋە تەجرىبىسى بولغان عالملاردىن ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەحمۇد قەشقەرى «دىۋان لغات الترك» دە ئۆزىنىڭ باشقا ئەسىرى، يەعنى «كتابى جەۋاعىرى نەحوى فى لوغەتىت تۈرك» («تۈرك تللىرى گراماتىكىسىنىڭ گۆۋھەر دانىلىرى كتابى») دىگەن ئەسىرى توغرىسىدا سوزلەيدۇ. لىكىن بۇ ئەسىرى تېخى تېپىلغان ئەمەس، يازغۇچىنىڭ بۇ ئىعترافىغا قارىغاندا، «دىۋان لغات الترك» مەحمۇدنىڭ بىرىنچى ئەسىرى بولماستىن، ئىككىنچى ۋە ياكى ئۈچىنچى ئەسىرى بولۇش مۇمكىن.

ئەندى «دىۋان لغات الترك»نىڭ قەيەردە يېزىلغانلىغى حەققىدە توختۇلۇپ ئۆتەيمىز. بەعزى بىر مۇلاحىزىلەرگە قارىغاندا، مەحمۇد قەشقەرى «دىۋان لغات الترك»نى شۇ دەۋردىكى مۇسۇلمان عالىمىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركىزى بولغان باغداد شەھرىدە يازغان. بۇ ئىحتىمال باشقا ئىحتىماللارغا قارىغاندا حەقىقەتتىن يىراق ئەمەس. ئونىنچى ۋە ئون بىرىنچى عەسىرلەردە باغداددىن تاشقىرى ئىسلام ئەلىمىدە قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەند، ئۇرگەنچ، مەرۋە ۋە باشقا چوڭ مەركەزلەرمۇ بار ئىدى. لىكىن، بۇلارنىڭ ئىچىدە سىياسى، مەدەنى، سوۋدا ۋە باشقا جەھەتلەردىن باغداد ئەڭ چوڭى ۋە ئەڭ مەشھۇر بولۇپ، چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

توققۇزىنچى عەسىردىن باشلاپ بۇ خەلىفىلىكنىڭ سىياسى ۋە بولۇپمۇ حەربى كۈچسىزلىگىدىن فائىدىلانغان ئوتتۇرا ئازىيە، ئىران ۋە كاۋقاز يەرلىرىدىكى بىر مۇنچە يەرلىك چوڭ فىئودااللار ئۆزلىرىنى مۇستەقىل پادىشاھ، دەپ ئىعلان قىلىپمۇ ۋە ئۆز دۆۋ-

X نچی عەسرنڭ ئاخرقی يلليريدا سامانيلارغا قاراشلق غەزنە شەھريدە سەبۇك-تەكن، غەزنە ۋيلايىتينڭ حاكمليغيغا ئيگە بولۇب؛ بۇ ۋيلايەتنی ئاستا-ئاستا مۇستەقل دوۋلەتكە ئايلاندۇ-رۇشقا كريشيدۇ ۋە سامانيلارغا قارشی كۆرەش سيياسيتينی ئيلب باريدۇ. سامانيلار دوۋليتينڭ يوق بولۇشينی ئۇ سەبر-سزلك بلەن كۈتۇدۇ. سەبۇك-تەكن ۋافاتيدن كيين ئۇنڭ ئورنيغا ئوغلی مەشھۇر مەحمۇد غەزنەۋی ئولتۇرۇدۇ.

كوپ ئوتمەی سەلجوقيلار باشليغيدا بر قاتار تۈركمەن ۋە باشقا تۈركی قەبيلەليری ئويۇشۇب، حەربی بر كۈچكە ئايلينيدۇ.

X نچی عەسرنڭ ئەڭ ئاخريدا، يەعنی 999 نچی يلی ئۇيغۇر خاقانی برنچی نەسر ئيبنی قاراخانی (مەحمۇد قەشقەرينڭ چوڭ بوۋيسی) سامانيلارغا قارشی ھۇجۇم قلب پايتەخت بولغان بۇخارانی ئشغال قلب، سامانيلار دۆۋليتينی تار-مار كەلتۈريدۇ ۋە پۈتۈن ماۋەرەننەھرگە حاكم بولۇدۇ، شۇ ۋاقتدن باشلاب سامانيلار دوۋليتی تامامەن يوقۇلۇدۇ.

سامانيلار دوۋليتينڭ ئۇيغۇرلار تەريفيدن تامامەن يوقۇتۇليشی پۈتۈن يېقن شەرقدە چوڭ سيياسی ئەھمييەتكە ئيگە بر حاديسە بولۇدۇ. بۇ حاديسە عەرەب ۋە ئيران مەملىكەتليرينی ئۇيغۇر ۋە عۇمۇمەن تۈرك خەلقليرينڭ تلی ۋە ئەدەبيياتيغا بۈيۈك ھەۋەس بلەن قزيقشقا مەجبۇر ئيتيدۇ.

سامانيلار دوۋليتينڭ يوقۇليشيدن بر ئاز كيينرەك باغداد خەلفيسی مەحمۇد غەزنەۋيگە سۇلتان عۇنۋانينی بيريدۇ ۋە شۇ خزمەتی ئالايتن بر فەرمان تەۋەتيدۇ. باغداد خەلفيسينڭ بۇ



عۇنۋانی ۋە فەرمانيدن مەقسەد: سۇلتان مەحمۇد غەزنەۋينی ئۇيغۇر قاراخانيلار دوۋليتی ئۇستيگە قويۇب، ئۇلارنی ماۋەرەننەھردن تامامەن ھايداپ چقريۋيتش ئيدی. ليكن بۇ مەقسەد كوتۇلگەن نيتيجينی بەرميدی. عەكسيچە، غەزنەۋيلەر بلەن قاراخانيلار ئوتتۇرسيدا برنچی شەرتنامە تۈزۈلۈب، ماحمۇد غەزنەۋی شۇ دەۋرنڭ ديپلوماتييسيگە تەدبيق، قاراخانی خاقانينڭ قزيغا ئولۇنيدۇ.

ئوتتۇرا ئازيىە ئۇيغۇر قاراخانيلار دوۋليتی، غەزنەۋيلەر ۋە ئوتتۇرا ئازيىەنڭ شيمالی تەريفيديكی خارەزم شاھلار دوۋليتی، عومۇمەن پۈتۈن عەرەب دۇنياسينی ئويغا چومدۇردی. بۇ ئۈچ دوۋلەتنڭ ۋۇجۇدقا كيليشی عەرەب عابباس خەلفيليگينی حەيران قالدۇرتی. خەلفينڭ يراق باغداددا بولۇشيغا قاريماسدن، ئو-زينی چوك قورقۇنچيلقدا دەب حيسابليدی. ئۇيغۇر، خارەزم شاھ ۋە غەزنەۋيلەرنڭ بوندا غ زور كۈچكە ئايلينيشی عەرەب خەلفيسينی بۇلار بلەن عەلاقا قلش چاريليرينی ئزلەشكە مەجبۇر قلدی.

بۇ چاريلەر بلەن مەشغۇل بولغان باغداد خەلفيسی كۈتۈلميگەن ييكی بر ۋاقيعەگە دۇچار بولدی. بۇ ييكی ۋاقيعە سەلجوقيلارنڭ ئستيلا قلش ھۇجۇمی ئيدی.

ئون برنچی عەسرنڭ باشليريدا غەزنەۋيلەر بلەن قاراخانيلار ئوتتۇرسيدا بولغان قارشيلقلاردن فائيدلينب، باش كوتەرگەن سەلجوقيلار، 1040 نچی يلی مەشھۇر دەندانەكان ئۇرۇشيدا غەزنەۋيلەرنی ييكب، پۈتۈن شەرق ئولكيليرينی ئشغال قلدی. بۇنڭ نەتيجيسيدە سەلجوقيلار ئمپيرييەسی مەي-

انغا كەلدى. بۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ھەتتا ۋىزانتىيە (بىزانس)
ايتەختى بولغان ھازرقى ئىستامبۇلغىچە تارالدى.

سەلجوقيلار ئيراققيمۇ ھۇجۇم قلب، 1055 نچى يلى عاباس
ەلفيليگينىڭ ۋە شۇ دەۋردىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ چوڭ پايتەختى
ولغان باغدادنى ئىشغال قلب، پۈتۈن عەرەبلەرنى چوڭ خوۋف
نىدا قالدۇردى.

بۇ ھالنى كورگەن مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان لغات
ترك» دە ئۇنى شۇنداغ تەسۋىرلەيدۇ:

«مەن خۇدانىڭ دۆۋلەت قۇياشىنىڭ تۈركى خەلقلەرنىڭ ئۈس-
يدە چىقىنىنى ۋە پادشاھلقلار ئۈستىدە ئاسمانىڭ پۈتۈن چىقىنى
يلاندۇرغىنىنى كوردۇم. خۇدا ئۇلارغا تۈرك ئۇيغۇر نامىنى
ردى ۋە ئۇلارنى پۈتۈن يەر يۈزىگە ھاكىم قلدى. زامانىمزنىڭ
قانلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سايلىنىب، خەلقلەرنىڭ ھەممە ئىدا-
سىنى ئۇلارغا تاپشۇردى» [1] «تۈرك (ئۇيغۇر) لارنىڭ كوڭ-
نى خۇش قلش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تلىدا سوزلىششدىن باشقا
ە يوق» [2]

[1] مەھمود القەشقرى، «دىۋان لغات الترك» 3 بەت، 1 جىلد.
[2] مەھمود القەشقرى، «دىۋان لغات الترك» 1، 3-4 بەت جىلد.



پروفىسسور ئا. ن. بېرنشتام،
تارىخ فەنلىرى دوكتورى.

# شەرقى تۈركىستان تارىخىنىڭ مەسئىلىلىرى

## I. علمى تەكشۈرمىنىڭ ئاساسى دەۋرلىرى

شەرقى تۈركىستان تارىخىنى تەكشۈرۈش مەسئىلىسى رۇس
فەن علمى بلەن مەككەم باغلقدۇر. دەسلەب، 1858—1859
نچى يللىرى چوقان ۋەلىخانوف شىمالى ۋە جەنۇبى شەرقى تۈر-
كىستاندا علمى سەياھەت قلب، قىممەتلىك تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيە-
لىك علمى ھۆججەتلەر قالدۇردى... شۇنداقلا، XIX عەسرنىڭ
ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇزاق ۋاقت قەشقەردە ئەلچى بولۇب تۇر-
غان ن. ف. پېتروۋسكى ئارخېئولوگىيەلىك ئەسەرلەر ۋە باشقا
علمى جەھەتدىن مۇھىم مەلۇماتلار توپلاب، مۇشۇ كەمگىچە نەش-
مىيتىنى يوقاتمىغان تارىخى ھەم مەدەنى مەسئىلىلەرنى كوتەر-
دى. شۇنىڭ بلەن بللە، شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى ھەققىدە
رىتتېرنىڭ بر قانچە جلدلق تۈپلاملىرىنى رۇسچىگە تەرجىمە قلب
ۋە ئۇلارغا قوشۇمچە ئۆزىنىڭ باھالق فكر-مۇلاھىزىلىرىنى قوشقان
ئان ۋ. ۋ. گرىگورىيېفنىڭ 1869—1873 نچى يللاردىكى ئەسەر-
رىمۇ يۇقارقىلارنىڭ قاتارىدا كىرىدۇ.

شەرقى تۈركستان تارىخىنى تەكشۈرۈش يولىدىكى ھەۋەس-
نىڭ كۈچەيگەنلىكىدىن، 1898 نچى يىلى د. كلېمېنتس نىڭ تۇر-
فانغا مەخسۇس سەياھىتى بولدى. (بۇنىڭ كەينىدىن نۇرغۇنلىغان
ئاۋروپا سەياھەتلىرى بولۇپ ئۆتتى). بۇنىڭدىن ئىلگىرى رىگل،
كروپاتكىن، زىلاند، كورنىلوف ۋە ئاكا-ئۇكا گرۇم-گرژىمايلو-
لار شەرقى تۈركستان ھەققىدە تارىخى ماتېرىياللار يىغقان ئىدى.
د. كلېمېنتس نىڭ ئىلمى سەياھىتى شەرقى تۈركستاننى تەك-
شۈرۈشدە باشلاپ ئىلمى يول بەلگۈلىدى...
ئاۋرېل شتەين شەرقى تۈركستانغا ئۈچ قېتىم سەياھەت قىلىپ،
(1900—1901، 1906 ۋە 1908 نچى يىللىرى) شەرقى تۈركس-
تاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى تەكشۈردى ۋە تارىخى، مەدەنى، جۇغ-
[ر]افى، سەنئەت، دىن، كونا ئاقچىلار، تىل، ئومۇمەن تىل-ئەدەبىيات
[سا]ھەلىرىدىكى مۇھىم ماتېرىياللارنى يىغىپ تەرتىپكە سالدى. باھالىق
[ئ]ەسەر-ھېساباتلارنى نەشر ئەتتى. ئۇ لوبنۇر ئەتراپىدا نۇرغۇن
[ئا]رخېئولوگىيەلىك، ئەسارى قەدىمىلەرنى («تاكلىماكاننىڭ قەدى-
[م]ى تاش دەۋرى چاغلىرىنى») يىغدى... لېكىن، ئۇ باشلىغان
[ئىش]نى ئاياغلاشتۇرالماي، 1942 نچى يىلى قابۇلدا ۋاپات بولدى.
لېكوك ۋە گرۈنۋېدېل دىگەن ئاسارى قەدىمىلەر تەكشۈر-
[گۈ]چى نېمس سەياھلىرى 1902—1903 نچى يىللىرى (گرۈن-
[ۋې]دېل). 1904—1905 نچى يىللىرى (لېكوك)، 1906—1907-
[نچ]ى يىللىرى (گرۈنۋېدېل بىلەن لېكوك) تۇرفان، قۇمۇل، قارا-
[ش]ەھەر، كۇچا ئەتراپلىرىنى تەكشۈردى. قەدىمى جايلارنىڭ ئەسا-
[رى] ئەتىقەبلىرىنى (يەر ئاستىدىن) يىغدى. 1913 نچى يىلى
[ئا]شۇ لېكوك ھاجۇ ۋە مارالبېشى ئەتراپىنى تەكشۈردى... ئۇ-



لار بۇددا، مانىخەى ۋە قەدىمى ئۇيغۇر مەكتەبلىرىنىڭ خاتىرىلى-
رىنى ۋە شەرقى تۈركستاننىڭ قەدىمى ماددى مەدەنىيەت (تۈر-
لۈك ئەسارى ئەتىقىلەر) يادكارلىقلىرىنى تەكشۈردى.
لېكوكنىڭ مانىخەى يېزىقلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئېنىقلىغان
مەلۇماتلىرىدا ۋە «شەرقى تۈركستاننىڭ ئادەملىرى ۋە ئېلى»
دىگەن تەسىرىدە تۈركلەرنى خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنى ئۆگۈ-
نۈش يولىدىكى مۇھىم ئەمگەكلىرىنى كۆرۈشكە بولىدۇ...
فرانسۇز سەياھلىرى ئېدۋارد شاۋاننىڭ غەربى شىمالى
خىتايغا (سىچۇئان، خېنەن) پول پېللىئونىڭ دۇن-خۇئانغا بولغان
ئارخېئولوگىيەلىك سەياھەتلىرىدا (1906—1909 نچى يىللىرى)
خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ شەرقى تۈركستانغا تەئسىرىنى تەكشۈرگەن.
بولۇپمۇ پول پېللىئو خىتاي، تۈرك، تىبەت، موڭغۇل مەنبەلىر-
رىنى نۇرغۇن تەكشۈرۈپ، شەرقى تۈركستان خەلقلىرىنىڭ
تارىخى ۋە مەدەنى مەسئىلىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە تەسۋىرلىگەن...
رۇس پەن ئىلمى شەرقى تۈركستاننى تەكشۈرۈش مەسئى-
لىسىنى ئاياقسىز قالدۇرمىدى، د. كلېمېنتس نىڭ تەكشۈرۈشىنى
داۋام ئەتكۈزۈپ، بېرىزوۋسكى 1906 نچى يىلى تۇرفاندىن كەل-
تۈرۈلگەن ئاسارى قەدىمىلەرنى رەسىمگە چۈشۈرۈپ، يەنە باش-
لانغۇچ ھۆججەتلەرنى يىغدى. بۇ كىشى س. ف. ئولدېنبۇرگنىڭ
شەرقى تۈركستانغا بولغان ئىككى چوڭ سەياھىتى ئۈچۈن
كېرەكلىك مەلۇماتلار ھازىرلىدى. ئولدېنبۇرگ 1909—
1910 نچى يىللىرى جەنۇبى شەرقى تۈركستاندا، 1914—1915-
نچى يىللىرى شىمالى شەرقى تۈركستاندا تەكشۈرمىش ئىشلىرى-
نى ماڭغۇزدى.

س. يى. مالوف 1910 ـ 1911 ۋە 1913 ـ 1915 نچى يىللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى ۋە حازىرقى ئەحۋالى بلەن تونۇشۇشقا باردى. بۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئۇستازى ۋ. ۋ. رادلوف، سەيياحلار روزىنبېرگ ۋە زىلمانلارنىڭ بىرنچى نۆۋەتتە ئۆلدىنبۇرگنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپ چقىش ئىشىغا دىگىلىك قاتناشتى.

فىنلەندىيە، ياپونىيە، ئىتالىيە سەيياحلىرى پەقەت مەئلۇمات يىغىش بلەنلا مەشغۇل بولۇپ، باھالىق ئىلمى يادىكارلىقلارنى قال ـ ... دۇرالمىدى. بۇلارنىڭ ئچىدە پەقەت 1908 ـ 1909 نچى يىللىرى ياپونىيەنىڭ ئوتانى دىگەن سەيياحىنىڭ يىققان ئۇيغۇر ھۆججەت ـ ... لىرى دىققەتنى جەلب قىلىدۇ...

ۋ. ۋ. بارتولد ئۆزىنىڭ «خافىزى ئابرو ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى»، «سەئدى ۋە توخار تىللىرى حەققىدىكى مەسىلىگە ئائىت»، «ئىران»، «حۇدات ئال ئەلەم» نەشرىگە مۇقەددىمىسى ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە شەرقى تۈركىستان تارىخى بلەن ئۇتتۇرا ئازىيە تارىخى ئالاقە ... مەسىلىسىنى تولۇق ۋە چوڭقۇر تەكشۈرگەن. شۇنداغ رۇس ... ئالملىرى شەرقى تۈركىستاننىڭ تۈپ خەلقى بولغان ـ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش تەخلىدلىرىنى ۋە تىل ئەدەبىياتىنى ئىلمى تەك ـ شۈرۈش ۋە ئۆگىنىش بلەن مەشغۇل بولدى...

بۇنىڭدىن باشقا پ. كازلوفنىڭ شەرقى تۈركىستان، مانغولىيە، ... تاي ئەللىرىنىڭ مەدەنى يادىكارلىقلىرىنىڭ چەك ئارىسىنى، خارو ـ خوتو دىگەن قىدىمى شەھەرنى تەكشۈرۈپ ئىنىقلىدى. ۋە راد ـ ... ف مانغولىيەگە بولغان سەيياھىتىدە، شەرقى تۈركىستانغا بول ـ ... ان تۈرك تەسىرىنىڭ يوللىرىنى ئىنىقلىدى.

مانا بۇ كۆرسىتىلگەنلەردىن (بۇ تېخى تولۇق ئەمەس) شۇ



خۇلاسە چقىدىكى: بىزنىڭ ئىلىمىزنىڭ مۇئەررىخلىرى، شەرقى شۇ ناسلىرى ئالدىغا شەرقى تۈركىستاننى ئۆگىنىش ئىشىنى يەڭى ـ مۇ ئالى ۋە ئلمى دەرىجىگە كوتۈرۈش ۋەزىپىسىنى قويۇدى.

## II. شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى ـ مەدەنى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ

### ئۆگىنلىشى

... ئارخېئولوگىيە ئلمىنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە (قىدىمى تاش دەۋرىدىكى) شەرقى تۈركىستان مەدەنىيىتىدە ئىسكىي ـ ساك، ئۇسۇن مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ بولغانلىقىنى كۆر ـ سىتىدۇ. بۇ تەسىر جەنۇبدا ۋە شىمالدا ئوخشاش بولمىغان. شىمالى ۋە غەربى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ تەخلىتى ۋە مەدەنى قۇرۇلىشى قىدىمى تىيانشان خەلقلىرى بلەن بىر ئالاقىدا ئىدى... قىدىمى تىيانشاننىڭ مال چارۋىچىلىق يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈر ـ گەندە، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ جايلىرى، قەبرلەش يوللىرى (مىس دەۋرىدە) جەنۇبى سىبىر خەلقلىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ...

مىس دەۋرىدە، ساك ۋە ئۇسۇنلار دەۋرىدە. بۇ يەردىكى خەلقلەر ئالتاي، قازاقىستان ۋە قىرغىزستان يەرلىرىدىكى قەبى ـ لىلەر بلەن بولغان يىقىنلىقى، جەنۇبى شەرقى تۈركىستانغا ئوتكەنسىرى يوقايدۇ. شىمالغا قاراپ ماڭغانسىرى، ئۇ يىقىنلىق كۈچلىنىدۇ.

دىمەك، مىلادىدىن بىر مىڭ يىل ئاۋۋال شەرقى تۈركىستان قەبىلىلىرىنىڭ تەركىبىدە ئوتتۇرا ئازىيەدىن (ئېنىق تىلى ئېيت ـ قاندا يەتتەسۇدىن) چىققان خەلقلەر ئۇيغۇن تۇرغان تۇراتتى.

شۇنى تەئكىتلەش كېرەككى، ساكلارنىڭ مەدەنىيىتى ئۇسۇنلارنىڭكىگە قارىغاندا، جەنۇبى تۈركىستاندا چوڭقۇر ئورناشقان. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، خىتاي مەدەنىيىتى ھۇجۇمى بولسا، ئىككىنچىدىن، (بۇ ئاساسىي سەۋەب) موڭغۇلىيەدىن قوزغالغان ھۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ تەئسىرىدۇر. بۇلار تىيانشانغا يېتىپ، شىمالىي (ئۇسۇن) مەدەنىيىتىنىڭ جەنۇبقا ئۆتۈشىگە توسالغۇ بولدى. ئۇسۇن مەدەنىيىتى غەربكە (فەرغانە، تاشكەنت) كە تارىلىشقا باشلىدى. ھۇنلار مۇداخىلىسى خىتاي مەدەنىيىتىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۆتۈشىگىمۇ توسالغۇ بولدى... ھۇنلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنى تەئسىرىنىڭ تىيانشانغا، ھەتتا شىمالىي تىبەتكىچە ئىز قالدۇرغانلىقى مەلۇم.

موڭغۇلىيەدىن قوغلانغان ھۇنلار مىلادىنىڭ بىرىنچى ئەسىرىدىن ئىككىنچى ئەسىر باشلىرىغىچە تىيانشاندا ياشاپ، ئوز تەئسىرىنى شەرقى تۈركىستانغا تارقاتتى. شۇنداق قىلىپ شەرقى تۈركىستان قەبىلىلىرى بىلەن ھۇن قەبىلىلىرى ئارىلىشىپ، ئارىلاشما قەبىلەلەر كېلىپ چىقتى...

ھۇنلارنىڭ ئارىلىشىپ تەئسىر قىلىشى بىرىنچىدىن شىمالدىكى قەبىلىلەرنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى قەبىلىلىرىدىن بولغان گۇزلار) قەشقەردىن تارتىپ كۇچارغىچە تۈركلىشىشىگە سەۋەب بولدى. شۇنداقلا، ھۇنلارنىڭ ئارىلاشقانلىقىدىن، يەتتەسۇدىمۇ تۈرك تىلىدا سوزلىگۈچى قەبىلىلەر پەيدا بولدى.

شەرقى تۈركىستاندىكى، يەتتەسۇدىكى، خۇراساندىن تىيانشانغىچە ھۇنلارنىڭ دەۋرى، بۇ ئىككى جاينىڭ (شەرقى تۈركىستان ۋە يەتتەسۇ) قەبىلە ۋە مەدەنى جەھەتتىن يېقىنلىشىشىغا سەۋەب بولدى.



... شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەرقى تۈركىستاننىڭ خوتەن ئەتراپىدا (ئالتۇن تاغ ياقىسىدا)، تاكلىماكاننىڭ جەنۇبى يېقىدا: خوتەن، ئېنتوتقان، راۋان، داڭ-داڭ ئويلۇق، قارادوڭ، قىريە، خادىلىق، نىيا، ئەندىرە، چېرەن، چارقىلىق، مىران—مانا بۇ جايلاردا مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى، ھىندىستان، ئىران جابدۇقلىرى ئوخشاش جابدۇقلار بىلەن دېھقانچىلىق قىلاتتى. ئۇ چاغلاردا بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش تەخلىتى تىيانشان ئەتراپىنىڭ مەدەنى (تۇرمۇش) تەخلىتىگە ئوخشاش ئەمەس ئىدى... بۇ جايلاردا مىلادىدىن مىڭ يىل ئاۋۋالقى چاغلاردىن تارتىپ، ئوتتۇرا ئازىيە، شەرقى ئىران ۋە شىمالى ھىندستان، جەنۇبى شەرقى تۈركىستان تىركچىلىك—تۇرمۇش ئوخشاشلىقى، ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپى-ئادەت تەخلىتلىرىنىڭ بىر قەدەر يېقىنلىشىشىغا سەۋەب بولغان. شۇڭلاشقا، بۇ ئەللەردىكى بۇددا دىنىنىڭ (كوشان بۇددىزىمى) تارقىلىشىمۇ، بىر زاماندا ۋە بىر شەكىلدە بولدى...

... ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىئاللار ۋە تارىخى يادكارلىقلارنى تەكشۈرگەندە، ساسانى، ئىرانى ھەم ۋىزانتىيەنىڭ مەدەنى تەئسىرى شىمالى تارىم، يەنى كۇچار ئەتراپىدىن باشلاپ، تىيانشاننىڭ شىمالىغا ئوتۇپ، تالاس ۋە چۇ ۋادىلىرىغىچە تارقالغانلىقىنى كورۇمىز. ئۇ زامانلاردا غەربى تۈركلەر خانلىقى بۇ جايلاردا ھوكۇمرانلىق قىلىپ، بۇلارنىڭ جاي نامى ۋىزانتىيەگىچە يەتكەنلىكى مەلۇم. قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەرلەردىكى (ھازىرقى ئوتتۇرا ئازىيە، تىيانشان جەنۇبىغىچە) خەلقلەردە بىر قەدەر مەدەنى ئومۇملۇق پەيدا بولغان. بۇنىڭغا

قارىغاندا، ئۇ چاغلاردا غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنى ئالاقىسى مۇشۇ جايلار بىلەن (جەنۇبى شەرقى تۈركىستان بىلەن ئەمەس) قۇمۇل دالاسى ئارقىلىق بولغان بولىشى كېرەك...

ئىسلام دەۋرىگىچە شەرقى تۈركىستاننىڭ، بولۇپمۇ شىمالى تارىم ۋىلايەتلىرىنىڭ يەتتەسۇ (ئوتتۇرا ئازىيە) بىلەن تارىخى تەقدىرى تۇخشاش ۋە مەدەنى قۇرۇلۇشلىرى يېقىن بولغانلىغى مەئلۇم. سوۋېت دەۋرىدە بىزنىڭ مۇئەررىخ، ئارخېئولوگلىرىمىز مۇھىم ماتېرىئال ۋە حوججەتلەرنى تەكشۈرمەش ئاساسىدا بۇ فىكرنى تېخىمۇ ئىنقلىماقدا...

## III. ئوتتۇرا ئەسرلەردە شەرقى تۈركىستان ۋە يەتتەسۇ، ئۇيغۇر مەسئىلىسى

تەن خانلىغى دەۋرىدە شەرقى تۈركىستاندا خىتايلارنىڭ حوكۈمرانلىق ئىتىشى مەزمۇت ئەمەس ئىدى. ئۇ حوكۈمرانلىق پات-پات سىياسى بوھرانغا ئۇچراپ تۇراتتى، ھەر دائىم شەرقى تۈركىستان دۆلەتلىرى، شەھەرلىرى، خۇسۇسەن خوتەن كۇچار، تۇرفانلار خىتاى حوكۈمرانلىغىدىن ئازاد بولۇپ، مۇستەقل دۆلەت قۇراتتى. شەرقى تۈركىستاندا خىتاى حوكۈمرانلىغىنىڭ سىياسى مەزمۇنى فېئودالىزم قۇرۇلۇشى ئاساسىدا ئورنىتۇلغانلىغى ھەققىدە، خىتاى حوججەتلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. يەرلىك خەلق خىتاى ئەسكەرلىرىنى بېقىشقا مەجبۇر ئىدى، ئىلىق-سىلىقلار ئۈچۈن ئاقچا ئەمەس ئاشلىق،



مال-مۈلۈك ئېلىناتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ھەربى قىسملار ئۈچۈن مەخسۇس غەزىنىلىك، دېھقانچىلىق يەرلىرىدە خەلق ئىشلەتتى... مونغوللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمى حوججەتلىرىنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە، بۇ چاغدا كونا فېئودالىزم تەرتىپلىرى ياكلىۋاشدىن ئورناپ، ھەتتا ئۇرۇقنى قەبىلە قۇرۇلۇشى دەۋرىدىكى قۇللۇق قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە باشقا ئىزىش، بەيچىش تەرتىپلىرىنىڭ كەڭ رەۋىشدە ئورۇن ئالغانلىغىنى كۆرسىتىلىدۇ.

... شەرقى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى مۇستەقللىك ئۈچۈن بولغان ئۈزلۈكسىز كۆرەشلىرى ئارىلاپ-ئارىلاپ غالىبىيەت بىلەن تۈگەتتى... مۇشۇ كۆرەشلەر نەتىجىسىدە X نچى ئەسردە تۇرفان كىنەزلىگى مۇستەقل بولۇپ ئالغان. بۇ كىنەزلىك XI—XII ئەسرلەردە: يەنى قەشقەر سىياسى مۇستەقللىك ئىمكانىيەتىگە ئىگە بولغاندا، قاراخانىلار دۆلىتى تەركىبىگە كىردى...

شەرقى تۈركىستاننىڭ مەدەنى تەرەققىياتىغا توسقالغۇ بولغان خىتاى مۇستەملىكىچىلىك ئىزىشىگە قارىمۇ-قارشى بولۇپ. ئۇيغۇرستان شەھەرلىرىنىڭ ۋە قول ھۈنەرمەنچىلىگىنىڭ تەرەققىياتى يەتتەسۇ يولى بىلەن ماكىدى. بۇ يەردە ئۇيغۇر قول ھۈنەرمەنچىلىك مەركەزلىرىنىڭ تەرەققى ئەتكەنلىگىنى ئىسپاتلايدىغان دېلىل شۇكى، بۇ يەردە: خىتاى پادشاھلىغىغا (مىن خانلىغى دەۋرىدە) ئەۋەتىلگەن ھەدىيەلەرنىڭ ئىچىدە خام ئەشيالار بولماي، تېخنىك ۋە جانلىلارنىڭ بار بولغانلىغىدۇر. XV نچى ئەسر ۋە XVI نچى ئەسر بېشىدىكى خىتاى ۋە ئۇيغۇر حوججەتلىرىنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە ئىلى بالىق (يەتتەسۇ)، قۇمۇل، خوجو،

تۇرفان ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ قۇدرەتلىك قول ھۈنەرمەنچىلىك مەركەزلىرى قەدىمى ئۇيغۇرستاننىڭ ئەينە شۇ تۇلكۇلىرىدە رىۋاجلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىگى دەۋرىدە داۋام ئەتتى. پەقەت مانجۇرلارنىڭ چوڭ خانلىغىدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادى قابىلىيەتلىرىنى تەرەققى ئەتتۈش يولىدىكى سىياسى ئىمكانىيەتلىرىدىن مەھرۇم بولغان قارا كۈنلىرى تۇغۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتىغا ھەر قاچان تايانچى بولغان يەتتەسۇ تارىخى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئاساسى دەلىللەر تۆۋەندە كۆرسىتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تەركىبىدە بايقالنىڭ دەريالىرىچە ياشاپ تۇرۇدىغان قەبىلەلەرنىڭ بار بولغانلىغى ئېنىق توختايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ھەر دائىم ھۇجۇملارغا ئۇچراپ، بولۇنۇپ-بولۇنۇپ يېڭى جايلارغا ئورۇنلۇشۇپ كەلگەن.

ۋ. ھېرتنىڭ خىتايلارنىڭ خەن خانلىغى دەۋرىدە ئاتىغان «تۇغى» لىرى، مۇشۇ ئۇيغۇرلار دېگەن.

شۇنىڭدەك، خىتايلاردا «ر» نىڭ «ن» غا ئورۇنلۇپ ئېيتىلىدىغان ئىملا قائىدىسىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، «تۇغۇن» سۆزىنىڭ قەدىمى «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ بىر ئاكىنىشى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئوز ۋاقتىدا ۋ. رادلوف تەرىپىدىن ۋە يېقىندا م. ئارتامونوف تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن شەرقى ئاۋروپادىكى «ئوپۇرغۇر»، «قۇتۇرغۇر»، «ئۇتۇرغۇر» ۋە «ئونۇغۇر» دېگەن تۆرت گۇرۇھ ئۇغۇر (رۇسچە ئۈگور) لار بىلەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ باغلىنىش-



شىغا بىز بۇ يەردە توختالمايمىز. لېكىن شۇنى كۆرسىتىش لازىمكى، ئۇلار (ئۇغۇرلار) يەتتەسۇنىڭ شىمالىدا ياشاپ كەلگەنلىگى گۇمانسىز. بۇ فىكرنى تەستىقلەيدىغان دەلىل شۇكى، مىلادىدىن ئاۋال 47–49 نچى يىللىرى جى-جى شانيۇ قىرغىزلارنىڭ يەنىسەيدىكى جايىدىن غەربكە قاراپ ماڭدى. ئۇگى (ئۇغى، ئۇغۇر) قەبىلىسىنى تار-مار قىلىپ، جەنۇبقا قاراپ بۇرۇلۇپ، ئۇسۇن ۋە قانغۇيلارنىڭ ئارىلىغىغا، يەئنى تالاس دەرياسىغا ئۆتتى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ئۇغىلارنى يەتتەسۇنىڭ شىمالىدا ئىلى دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا تار-مار ئەتكەنلىگى مەئلۇم.

بۇ ئۇغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ گائو-گوي دەپ ئاتىغان ۋە V نچى ئەسىردە (492 نچى يىلى) جۇجانلار (دەئۇلۇن ۋە ناغاي خانلار) تەرىپىدە تار-مار ئېتىلىپ، ئالتايدىن غەربكە قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىر گۇرۇھدۇر. مۇشۇ ئۇيغۇرلارغا يويىبان دەپ ئاتالغان گائوگۇيلار بىلەن بىر تىلدا سۆزلەيدىغان، يەئنى يەنە شۇ ھېلىقى ئۇغۇر قاتلىمىغا مۇناسىپ، شىمالى ھۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نەسىللىرى قوشۇلىدۇ.

V–VI ئەسىرلەرنىڭ ئارىلىغىدا قەدىمى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى قاتلاملىرى، يەئنى ئۇغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئۇسۇشى توختايدۇ. بۇ قاتلاملار ئۇغۇر قاتلاملىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بەئزى قالدىق قىسمى ھازىرقى چۇۋاشلاردا ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ، ن. يا. مارنىڭ فىكرىچە تۈرك قەبىلىلىرى ۋە خەلقلىرىدىكى يافىت نەسلى تىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ قالدىقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

غەربىدىكى تۈركمەنلەرنىڭ تەركىبىدىكى غۇز، ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ شەرقى قىسمى ۋە شەرقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلەشمىسى تارىخى ھادىسىلەر سەۋەبىدىن (ئۇ ھادىسىلەر خۇسۇسىدا، بۇ يەردە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز) شىمالى، ياكى سىلىنگىن گرۇھىغا، غەربى-جەنۇبى، ياكى شكجاڭ گرۇھىغا ۋە غەربى-شىمالى، ياكى يەتتەسۇ گرۇھىغا بۆلۈنىدۇ. بۇ بىرلەشكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىر چاغلاردا شىمالى تارىم ۋىلايەتلىرىدىكى توخارلاردىن تارالغان تولەسلەر بىلەن قوشۇلغان. بۇلارنىڭ مانداغ كەڭ رەۋىشتە تارقالغانلىقى سۆيىشۇنىڭ مەلۇمانىغا قارىغاندا، ھەتتا شەرقى ئاۋروپاغىچە يەتكەن. بۇ V نچى ئەسىردە كەڭ قانات يايغان قىدىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوغۇز نەسلى بىلەن بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ...

ياغلا قارخان باشلىق قىرغىزلار تەرىپىدىن ھالاكەتكە ئۇچرىغان سىلىنگىن گرۇھى IX نچى ئەسىردە تارقىلىپ، شكجاڭ گرۇھىنىڭ قىسمەن يەتتەسۇ گرۇھىنىڭ ئۇيغۇرلىرىغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنى نۇرغۇنلاندى.

لېكىن شكجاڭ ۋە يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرلەشكەن ھەرىكىتى ھەر دائىم داۋام ئەتتى...

XI — XII نچى ئەسىرلەردىكى قاراخانىلار دەۋرىدىمۇ ۋە XIII — XIV نچى ئەسىرلەردىكى مونغوللار ۋاقتىدىمۇ، ماۋەرەننەھرى بىلەن شكجاڭنىڭ بىرلەشتۈرگەن (باغلاشتۇرغان) ۋە ئۇلۇغ مەدەنىيەت قاتناشلىرىنىڭ ئۆتكەنگۈچىلىرى بولغان يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ئاخىرقى ئورۇننى تۇتقۇنى يوق.

بۇ ئېيتىلغانلاردىن شۇنداغ نەتىجە كېلىپ چىقىدىكى، IX نچى



ئەسىردىن باشلاپ ۋە ئۇنىڭدىن ئاۋالقى دەۋرلەردىمۇ شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى بىزنىڭ يېرىمىزنىڭ تارىخى بىلەن پۇختا باغلىقدۇر. بىزنىڭ يېرىمىزدىكى خەلقلەر ئۇيغۇرستاننىڭ مەدەنى تەرەققىيات ئىشىدىلا ئەمەس، بەلكى سىياسى مۇستەقىللىك ئىشىدىمۇ دىگىلىك ياردەمچىلەردىن بولدى. سانسىز نۇرغۇن دەلىللارنىڭ ئىچىدىن شۇلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ: كېيىنكى ۋاقىتلاردا (XVI نچى ئەسىردىن باشلاپ) مونغولستان دۆلىتىدىكى تۈركستاننىڭ بىر قىسمىنى ئۆز تاۋەسىگە قوشۇپ ئالغان مونغوللارنىڭ قالدىقلىرى بىلەن ماڭغان كۆرەشتە قىرغىزلار دىگىلىك رول ئوينىدى. 1758—1760 نچى يىللاردىكى قالماقلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرغان كۆرەشتىمۇ قىرغىزلار دىگىلىك رول ئوينىدى. بۇ ھەقدە خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ تەكىتلىگەن. ئۇيغۇرستاننىڭ كېيىنكى تەقدىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىكى بىلەن باغلىق بولماي قېلىشىنىڭ سەۋەبى، مونغول ۋە قالماقلارنىڭ سىياسى ھۆكۈمرانلىقى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ زەئىپلەشكەنلىكى ھەم شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرى بىلەن پۇختا ئىتتىپاق يوقلىقىدىن بولدى.

## IV. خۇلاسە

شەرقى تۈركىستاننىڭ تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى دەۋرلىرى ھەققىدىكى ئېيتىلغانلاردىن توۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولىدۇ:

1) شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇرەككەپ تارىخىدا، خۇسۇسەن ئۇنىڭ شىمالى ۋىلايەتلىرىدە ئوتتۇرا ئازىيەنىڭ ھەر تەرەققىيە

باغلىنىشلىرى ئۈچۈق كۆرۈنىدۇ. بۇ فىكىر ئوتتۇرا ئاسىيە خەلق-
لىرىنىڭ مەدەنى تارىخى بابىدا، كېيىنكى يىللاردا ئۇسۇپ
كېلىۋاتقان سوۋېت ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىرى
نەتىجىسىدە ئىخچىم ئىسپاتلاندى... بۇ ئىشلاردا يەتتەسۇنى ئارخې-
ئولوگىيە يېقىدىن تەكشۈرۈش ئايرىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. بۇ تەك-
شۈرۈشنىڭ مەنتىقى داۋامى ھازىرقى شىنجاڭغا ئېلىپ بېرىشى شەكسىز.
2) ئوتتۇرا ئاسىيەنىڭ خەلقلىرى شەرقى تۈركىستان خەلقلى-
رىگە ھەر دائىم سىياسى ھىمايە كۆرسۈتۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ
مۇستەقىللىك ئۈچۈن ماڭغۇزغان كۈرەشلىرىگە ياردەم كۆرسۈ-
تۈپ كەلدى. ئوتتۇرا ئاسىيە خەلقلىرى بىلەن قۇرۇلغان ئىتتى-
پاقلار شەرقى تۈركىستاننى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇپ كەلگەن
دۆلەتلەرگە قارىغاندا، شەرقى تۈركىستانغا كەڭ مۇختارىيەت-
لىكنى تەمىن ئەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيە خەلقلىرى بىلەن سىياسى
ئىتتىپاق قۇرۇش شەرقى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ تارىخى
تەرەققىياتىغا كونا، ئەكس تەرەققى ئىجتىمائى-ئىقتىسادى ئالا-
قىلارنى يوقىتىشقا ئىمكانىيەت بەردى.
3) شەرقى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ تارىخى تەرەققىياتىدىكى
بۇ خۇسۇسىيەتلەر مەدەنى ۋە ئېتنىك مۇجەز-خۇلقلارنىڭ ئومۇم-
لىشىشىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋە ئۇنىڭ مەدە-
نىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققى ئېتىشىدا ئوچۇق كۆرۈن-
دى. ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى ھازىرقى قازاق، قىرغىز
ئۆزبەكلەرنىڭ ئىلگەركى ئانا-بوۋىلىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسى-
يەنىڭ تۈرك تىلىدا سۆزلەۋچى خەلقلىرىنىڭ تارىخى تەقدىرى
بىلەن ئۇلۇق رەۋىشتە باغلىق ئىدى.



شۇنىڭ ئۈچۈن شەرقى تۈركىستان تارىخىنىڭ مەسىلىلىرى
ئوتتۇرا ئاسىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئىشى بىلەن چاڭ باغلىنىدۇ.
ئۇ تارىخى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش بىرىنچى نۆۋەتتە، سو-
ۋېت شەرقى شۇناسچىلىقىنىڭ ۋەزىپىسى بولسا. ئۇ مەسىلى-
لەرنى ھەل قىلىشتا ھەر خىل مۇتەخەسسىسلىك ئالىملارنىڭ، ئەڭ
ئالدى بىلەن خىتاي شۇناس، تۈرك شۇناس، ئەرەب شۇناس
ۋە ئىران شۇناسلارنىڭ ۋە گۇمانىتارلىق ئىلمىنىڭ ھەر خىل
ۋەكىللىرى، يەئنى: مۇئەررىخ، ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى،
ئەدەبىياتچىلار ۋە تىلچىلارنىڭ قاتنىشىشلىرى كېرەك.
شەرقى تۈركىستاننى ئۆگىنىشتە رۇس پەن ئىلمىنىڭ ئەڭ
ياخشى ئادەتلىرىنىڭ مىراسخورى بولغان شەرقى شۇناسچىلىق،
بۇ ئىشتا يولباشچىلىق رولغا ئىگە بولۇشى لازىم.

---

ۋەتەن ئوغلى

# ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسقىچە تارىخى مەلۇمات

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇشى توغرۇلۇق ئېنىقلانغان تولۇق تارىخى ھۆججەت ۋە دەلىللەر يوق. بار ھۆججەتلەر تېخى مەلۇم بىر ئىلمى فىكىرگە ئاساسلانغان ئەمەس. شۇنداغ بولسىمۇ، بار ماتېرىيال ۋە ھۆججەتلەر قەدىمقى ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇم دەرىجىدە مەلۇمات بېرىدۇ.

پروفېسسور كازىمى (1841 نچى يىل) ۋە ئاكادېمىك رادلوف (1890 نچى يىل) شەرق مۇئەررىخى راشىدىدىننىڭ «جامع التواريخ» دېگەن (XIII ئەسىر) ۋە خىۋە خانى ئەبۇلغازىنىڭ «تارىخى شەجەرەئى تۈركى» دېگەن (XVI ئەسىر) ئەسەرلىرىدە «ئۇيغۇر» دېگەن ئوغۇزخان تەرىپىدىن (تەخمىنەن بۇنىڭدىن 6 مىڭ يىل ئاۋال) تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ باتۇر ۋە ئۇيۇشقاق بىر قىسمىغا جەڭلەردە كۆرسەتكەن ئەرلىكى، خەلقى ھەم ۋەتىنىگە سادىقلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن نام دەيدۇ، دەپ كۆرسەتتى. «ئۇيغۇر» سۆزى: «ئۇ-



5—1360

يۇشقاق»، «ئۇيۇغان»، «بىرلەشكەن» (ئۇيۇگەن)، «يېپىشقان» مەنا-سىدا بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئەينە شۇنداغ خۇسۇسىيەت بولغاچقا، شۇ نامنى ئالغانمىش. «ئۇيغۇر» نامى چوقۇم مۇشۇ تەخلىتتە پەيدا بولغان دېيىشكە تولۇق ئىلمى ئاساسى يوق. لېكىن، ھەر ھالدا «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ تۈرك ئاتالغۇسى (تومۇرى تۈركچە) ئىكەنلىكىنى بىر قانچە ئالىملار، شۇ جۈملىدىن: كلاپروت، پلانوكارپىنىلار تەستىقلىغەن.

پروفېسسور ئا. ن. بېرنشتام ئۆزىنىڭ «شەرقى تۈركىستان تارىخىنىڭ مەسىلىلىرى» دېگەن ماقالىسىدا قەدىمى ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلەۋى ئاساسى ئوغۇز نەسل-قاتلاملىرىدىن بولۇپ، V نچى ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ كەڭ مقياستىكى جايلارغا جايلىشىپ، شۇ جايلارنىڭ ئىگىلىرى بولغىنى ھالدا ياشاپ كەلگەنلىكىنى تەئكىدلەيدى. يەنە شۇ ماقالىدا شىمالى ھۇنلار، ئوغۇز نەسل-قاتلاملىرىدىن تارالغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىر تىلدا سۆزلىشەتتى، دەيدۇ.

قەدىمى جۇغرافىيە ئالىملىرىدىن مەشھۇر پتولومېي (مىلادىدىن تۆرت ئەسىر ئاۋال) ھازىرقى تارىم دەرياسىنى «ئۇيغۇردىن» دەرياسى دەپ، ئۇنىڭ ياقىلىرىدا «ئۇيغۇرد»لار ياشايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. بۇلارنى رۇس ئالىمى گرىگورىيېف (1869 نچى يىل) ۋە ئىنگلىز ئالىمى رېدىنتىل (1880 نچى يىل) ئۇيغۇرلار دەيدۇ.

شەرق شۇناس يۇسۇف زىيا شىرۋانى تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمى خەلق—ئۇيغۇر خەلقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىلادىدىن ئىككى مىڭ يىل ئاۋال ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مۇكەممەل يېزىقلىرى ۋە مۇستەقىل ئېلىفبەسى بولغان دەيدۇ.

خىتاي مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارغا ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق جاي-
لىرىغا، كەسپىگە ياكى ئايرىم قەبىلىلىرىگە قاراپ ۋە ھەر دەۋردە
ھەر خىل نام بېرىپ كەلگەن. مىلادىدىن 7—8 ئەسىر ئىلگىرى
ئۇلار ئۇيغۇرلارنى: «دى»، «دىن لى» «چى-دى» ۋە ھاكازا دەپ
ئاتىغان بولسا، مىلادىنىڭ باشلىرىدا: «چى-شى»، «گائوچەن»
(بۇ دۆلەتكە بېرىلگەن نام)، «گائو-گوي» دەپ ئاتىدى. مانداغ
ناملار تولاراق شىمالى ئۇيغۇرلارغا، خۇسۇسەن خىتاي بىلەن
بىۋاسىتە چاگارىلاش جايلارنىڭ ئۇيغۇرلىرىغا بېرىلگەن. فەقەت
III—IV نچى ئەسىرلەردە (بىرىنچى قېتىم لەئو خانلىقى تارىخىدا)
ئۇيغۇرلارنى «ۋېيۋۇر» دەپ ئاتىدى. خىتاي تىلى ۋە يېزىقىدا «ئوي»
ھەم «غ» ئوخشاش بوغۇم ۋە ھەرپلەرنى توغرى ئېيتالمايدۇ.
چۈنكى، ئۇلاردا ئانداغ ئۈنلۈك ھەرپلەر ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇنى
ئېتىبارغا ئېلىش كېرەككى، خىتاي ئەدەبىياتىدا باشقا مىللەتلەرگە،
دۆلەتلەرگە، شەھەر ۋە جايلارغا ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئۆز-
لىرىچە نام بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ھەرپ ئورنىغا بەلگۈ
(ئىيروغلىف) بولغاشقا، ھەر-بىر ئاتالغۇغا مەلۇم مەنا بېرىدىغان
بەلگۈلەر قويۇلماي ئېيتىلمايدۇ. مەسىلەن: «شىڭ-جاڭ» (يېڭى
تابىئە). «گائوگويى» (ئېگىز چاق ھارۋۇلۇقلار)، «ژىبەن» (ياپون)،
«خى-لى-خى-زى» (قىرغىز يەئنى تورت سوزدىن قۇرۇلغان جۈملە).
قەشقەرنى ئىلگىرى «سۇلە» دەتتى. ھازىر «خا-سا» دەيدۇ. «ۋېين-
سو» (ئاقسۇ)، «نا-چىڭ» (چوڭ گوچەك)، «ئا-سا» (ئالتاي)، «دى-
خو» (ئۈرۈمچى)، «خا-مى» (قۇمۇل) ۋە ھاكازا.

دېمەك ھەر بىر ئاتالغۇنىڭ ھەر بىر ھەرپىگە ياكى بوغۇمىغا
ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم مەنانى ئاڭلىتىدىغان بىر تامغىسىنى



(ئىيروغلىفنى) قويماي يازالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ھەر
بىر سەياھەتچىسى ۋە مۇئەررىخلىرى ئۇيغۇرلارغا ئۆزلىرىچە
(بىرەر بەلگۈسىگە ياكى جاي-قەبىلىسىگە قاراپ) ھەر
دەۋردە ھەر خىل نام بېرىپ كەلگەن.

خىتاي مەنبەلىرىنى تەكشۈرگەن ئاۋروپا ئالىملىرىنىڭ بىر
قىسمى، ئۇيغۇرلارغا ئىلگىرى خىتايلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ھەر
خىل ناملارغا قاراپ، ئۇ خەلقلەر ئۇيغۇرلار ئەمەس بولۇشى كېرەك
دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىلىنى چوڭقۇرراق علمى كۆز بىلەن
تەكشۈرگەن بىر قىسمى ئۇلارنى ئۇيغۇرلار دەپ تەئكىدلەيدۇ.
بۇ فىكىر توغرى. چۈنكى، ئەگەر شەرقى توركىستاندا مىلادىدىن
ئاۋال ۋە مىلادى باشلىرىدا باشقا خەلقلەر ياشاپ، ئۇيغۇرلار
موڭغول يېرىدە ياشاپ فەقەت 8—10-ئەسىرلەردىلا شەرقى
توركىستانغا ئۆتكەن بولسا، بۇ ئۆلكىلەر (خۇسۇسەن جەنۇبى
شەرقى توركىستان) خەلقلىرى ساپ ئۇيغۇرلارغا ئۆرۈلۈپ، ئۇ
يەرنىڭ ئىلگەركى خەلقلىرى تامام يوق بولۇپ كەتمەس ئىدى.
ھەقىقەتتە شەرقى توركىستان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى ماكانى
بولۇپ، بۇ يەرگە باشقا ئۇرۇق قەبىلىلەر كېلىپ ئارىلىشىپ،
ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكى چوقۇم.

ئەبۇلغازى خاننىڭ «تارىخى شەجەرەئى تۈركى» دېگەن ئەسى-
رىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «ئۇيغۇرستان
يېرىدە ئاسمان-فەلەك ئېگىز تاغ بولاتتى. بۇ تاغلارنىڭ ئۇ-
زۇنلىقى مەغرىبتىن-مەشرىقىچە ئىدى. بىرسىنىڭ ئېتى «بۇقرا ئۇ
بۇزلۇق»، ئىككىنچىسىنىڭ «ئۇچقۇنلۇق تەگرىم» ئىدى. بۇ تاغلارنىڭ
بىر يېنىدىن ئون ساي (غول)، ئىككىنچى يېنىدىن توققۇز ساي

تولۇپ سۇ ئاقاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ سۇلار ئىدى. بۇ جايلار ئۆتكەن زامانلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ جايى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىركىچىلىك ئەتكەن يەرلىرى" ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئون سايىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقانلارنى «ئون ئۇيغۇرلار» ۋە توققۇز سايىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقانلارنى «توققۇز ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ مول ھوسۇللۇق يەرلىرى، سۇلىرى، شەھەر ۋە يېزىلىرى بەك نۇرغۇن ئىدى».

ئەبۇلغازىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇيغۇرلار جۇمھۇرىيەت ئىدارە تۈزۈمىدە، يەنى خەلق تەرىپىدىن سايلانغان باشلىقلارنىڭ ئىدارىسىدە تۇرغان. كېيىن ئون ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ ئىتتىپاق قۇرغان. ئون ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە مىنخو دېگەن كىشىنى، توققۇز ئۇيغۇرلار گۈل ئەركىن دېگەن كىشىنى باشلىق ئېتىپ سايلاپ ئالغان. ئۇلار باشلىقلىرىغا «ئىل ئىلتەبەر» (خەلقنى ئەگەشتۈرگۈچى) دېگەن ئۇنۋان بەرگەن. ئەينە شۇ جايلاردا ئۇلار ئۈچ مىڭ يىل ياشاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار چەت تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ۋە ئۆز ئىچكى ماجىرالارغا دۇچار بولۇپ، چېچىلدى. بىر قانچىلىرى ئۆز ئورۇنلىرىدا قېلىپ، بىر قانچىلىرى بەش بالىق شەھىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا، بىر قانچىلىرى ئېرتىش ياقىلىرىغا كۆچكەن. مانا بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، مونغولىيە، ئالتاي ئۆلكىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئەمەس. پەقەت بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى 8—10 ئەسىرلەرگىچە ئۆز ۋەتەنلىرىگە يېنىپ قوشۇلغان. ئەينە شۇ شىمالى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى شەرقى ئاۋروپاغا كېتىپ ۋە يەنە بىر قىسمى يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىغا كېلىپ قوشۇلغان.



ئالاۋۇتدىن جۇۋەينى «جاھان كۇشەي»دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تارىخى شەجەرىسىگە ئاساسلىنىپ، شۇنى مەلۇم قىلدىكى، ئۇيغۇر دۆلىتىنى باشلاپ قۇرغانلار: قۇتلۇق ۋە بۇقاخان دېگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارغا ياردەملەشكەن خەلق باتۇرلىرى: قۇللۇق تىگىن، شۇڭقار تىگىن، ئۇلار تىگىن (تىگىن — كنەز، بەگ مەنىسىدا) دېگەن كىشىلەر ئىكەن.

ئا. ن. كروپاتكىن خىتاي ۋە ئاۋروپا مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك ۋە مۇستەقىل دۆلىتىنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ تۈزلەڭدە ئولتارغانلىرى دېھقانچىلىق ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا، تاغلىق جايلاردىكىلەرنىڭ مال چارۋىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن تۇرمۇشتا ئىكەنلىكى، مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى مەلۇم ئىدى، دەيدۇ.

مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئاۋال خىتايلارنىڭ (خەن خانلىقى دەۋرىدە) جان-سەن دېگەن بىر ھۆكۈمەت ئەربابى شەرقى تۈركىستانغا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادى تۇرمۇشى بىلەن تونۇشقان، شۇ چاغلاردىن باشلاپ، خىتاي ھاكىمدارلىرى بىلەن سودىگەرلىرى شەرقى تۈركىستانغا كۆز تىكىشكە باشلايدۇ. ئۇ چاغلاردا خىتاي ئەدەبىياتىدا ئۇيغۇرلارنى «چې-شى» (ھارۋۇكەش مەنىسىدا) دەپ ئاتىغان. «چې-شى»لار ئىككىگە بۆلىنەتتى: جەنۇبى «چې-شى» (ئون ئۇيغۇرلار — مەركەزلىرى ھازىرقى ئاقسۇ، كۇچار، لوپ ئەتراپىدا) ۋە شىمالى «چې-شى» (توققۇز ئۇيغۇرلار — مەركەزلىرى ھازىرقى تۇرپان، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ئەتراپىدا) گە بۆلۈنۈپ شىمالى «چې-شى»لارنىڭ تۇرىدىغان جايلىرىنى خىتايلار «گا ئوچەن» (بۇ يە

قاراخوجا،يە گۈچۈن شەھەرلىرىنىڭ بىرىگە بېرىلگەن نام)دەپ ئاتىغان.

ئەينە شۇ كاچەن تابىجىسىگە ختاي سەييامى ۋان-يەن-دەن كەلگەندە (X ئەسىر) ئۇيغۇرلارنىڭ «ئارسلانخان» ئۇنۋانىدىكى خانى بولغان، ئۇ خانلىقنىڭ دۆلىتى غەرب ھەم جەنۇبى غەربتە: ئەرەب ۋە ئىران چاگارىسىغىچە ۋە غەربى تىبەتكىچە، جەنۇبتا خوتەنگىچە... ئىدى، دەپ يازدى. دېمەك ئۇ چاغلاردا جەنۇبى ۋە شىمالى ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، مەركەزلەشكەن دۆلەت قۇرۇپ، پايتەختى «قارا خوجا» شەھىرىگە بېقىنىپ تۇرغان چاغلىرى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇيغۇرستانغا ئەتراپىدىكى بىر قانچە ئەللەر ئىتائەت قىلىپ تۇرغانلىقى مەلۇم. بۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ راسا تەرەققى ئېتىپ، گۈللەنگەن ۋاقتى ئىدى.

ئەينە شۇ ۋان-يەن-دەنىڭ مەلۇماتى بويىچە، بۇ ئەلدە (ئۇيغۇرستاندا) مىلادىدىن تۇرغۇن ئەسىرلەر بۇرۇن تۈرك قەبىلىلىرى (ئۇيغۇرلار) ياشاپ، بۇلارغا باشقا شىمالى ختاي ۋە مونغۇلىيەدىن ئۆتكەن ئۇششاق قەبىلىلەرمۇ ئارىلىشىپ، سىڭگەن. بۇ ئۇششاق قەبىلىلەر ئۇيغۇرلار بولۇپ، بۇلار ئىلگىرى ئۇرۇش-تالاشلار نەتىجىسىدە، ئۇ تەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەندى ئۇيغۇرلار دۆلىتى قۇرۇلغاندا كېلىپ يەنە قوشۇلغان (بۇ ئەبۇلغازىنىڭ چىچىلىپ كەتكەن دېگەن ئۇيغۇر كەبىلىلىرى بولۇش كېرەك).

ياكىيۋاشىدىن قۇرۇلغان بۇ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى VIII ئەسىر بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇيغۇرستاننىڭ چاگارىسى: قەشقەردىن گانسۇغىچە قويۇنلۇندىن ئالتايغىچە بولغان چېغى ئىدى.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمى زامانلاردىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ قەبىلەداشلىرىدىن ئاۋال ئوتراقلىشىپ، دېھقانچىلىق ۋە كاسىپچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققى ئەتكۈزگەن. شۇ ئاساسدا ئۇلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى



سودىسى ئۆسكەن، ئۇلارنىڭ مەدەنى تۇرمۇشى گۈللەنگەن. XV ئەسىرلەرگىچە ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئازىيەدە شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئەڭ مەدەنى ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى خەلقلەردىن بولغان. ئۇلار IV—V ئەسىرلەردىلا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، 13—14 ھەرپتىن ئىبارەت ئەلفبەلىرىنى تۈزگەن. مىلادىدىن 2—3 ئەسىر ئاۋالقى چاغلاردىلا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى گۈللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈلگە ۋە نەمۇنىلىرى ئەتراپقا تەئسىر ئەتكەن ئىدى. ئەندى يېڭى ھەرپ ئاساسىدا، ئېلفبە ئىجاد ئېتىش بىلەن، ئۇ تەئسىرات تېخىمۇ كەڭەيدى ۋە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. بۇ تەئسىرات بولۇپمۇ: ماۋرەننەھرىدە، ئوتتۇرا ئازىيەنىڭ باشقا جايلىرىدا، مونغۇلىيەدە، ختايدا ئۇزۇن تارالدى. XI ئەسىردە يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» (يۈسۈف خاس حاجىبنىڭ) ۋە «ديۋان لغات الترك» (مەھمۇد قەشقەرىنىڭ) ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىك يۈكسەك بولغانلىقىغا جانلىق شاھىددۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» فەلسەفە، ئېتىكا (جەمئىيەت ئەخلاقى)، مەنتىقى ۋە دۆلەت ھوقۇقى فەنلىرىنىڭ جەمئىلەشكەن تەئلىماتى بولسا، «ديۋان لغات الترك» ئۇيغۇر تىلىنى ئەرەبچە مۇلاھىزە ئەتكەن ۋە ئۇيغۇر تىل، ئىملا قائىدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ئەدەبى ۋە تارىخى بىر ئەسەردۇر.

جەنۇبى ئۇيغۇرستان (خوسۇسەن قەشقەر، خوتەن) توغرۇلۇق ختاي يازغۇچىلىرى V ئەسىرلەردە دېھقانچىلىق، سودا-ساناتەت ۋە مەدەنىيەت تەرەققى ئىدى دەپ يازغان. يەنە ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ئەمگەك سۆيگۈچ، مۇلايىم، پاك دىل، ۋەئدىسىدىن يانمايدىغان ساغلام خەلق دەپ يازغان.

مەزكۇر سەيياھ، ۋان-يەن-دېن ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى (قارا خوجا) شەھرى ھەيۋەت سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاسمانغا تاقاشقان تۇرغۇن مۇنارىلار بار؛ شەھەردە مەدەنى يۇسۇندا ئىستىراھەت باغلىرى، گۈلخانىلار، شىيپاڭلار (پاۋىلىئون)؛ سۇنئى كۆللەردە ئۈزۈپ ئويناپ يۈرگەن خەلق، كۆل ئەتراپىدا ساز-نەغمىلەر ئويناپ تۇرغان... دەپ تەسۋىرلەيدۇ، يەنە شۇ سەيياھنىڭ مەلۇماتى بويىچە، ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار مانىخەي دىنىدە بولۇپ، يالغۇز پايتەختنىڭ ئۆزىدىلا 50 كە يېقىن ھەيۋەت ياسالغان ئىبادەتخانىلىرى بولغان.

سەيياھنىڭ تەسۋىرىچە: ئۇيغۇرلار، ئوچۇق، خۇش-خۇي، ئادىل خەلق؛ ئۇلار چېۋەر-ماھىر ئۇستا بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈچ، مىس، تۆمۈردىن تۈرلۈك ئەسۋابلار ۋە ئاسىل تاشلاردىن ماجان ۋە باشقا بېزەش ئەسۋابلىرىنى ياسايدۇ؛ ئۇلارنىڭ 637 نچى يىلى ياسىغان ئەجايىب چوڭ، گۈزەل ۋە تارىخى ئىبادەتخانىسى (خرام) بار؛ ئۇلار دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشىغا ماھىر. ئۇلار مۇزىكا (ساز) نى ياخشى كۆرىدۇ. ھەممىسى دېگىدەك سازەندە. تۈرلۈك مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ ئىچىدە: پىيپا، كۇڭخۇ (25 تارلىق گىتار) ئوخشاش مۇرەككەپلىرىمۇ تولا. ئۇلاردا سودا-تىجارەت تەرەققى ئەتكەن بولۇپ، چەتكە ئالتۇن، كۈمۈچ ۋە ئاسىل تاشلاردىن ياسالغان نەفىس ئەسۋابلىرى، گۈللۈك رەختلەر، قۇندۇز، قاما ئاق پەي ۋە ھاكازالارنى چىقىرىدۇ، دەپ يازغان.

ئەبۇلغازى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەك سۆيگۈچ، قابىلىيەتلىك، دېھقان ئىكەنلىكىنى ۋە سەنائەتتە چېۋەرلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ تارىم دەرياسى ئۆلكىسىنى گۈللەندۈرگەنلىكىنى، ئالى ئۇستەڭ-ئېرىقلار، كانالالار ياسىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن.



VII ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ۋە باشقا ئەللەرگە مەرۋايىت، باشقا ئاسىل تاشتىن ياسالغان جابدۇق، تۆمۈر، قورال-جابدۇق، توقۇلغان ئىپەك، مەخمەل، ئاق ماتا ۋە تېرە مال ساتىدىغانلىقى مەلۇم. شەرق يازغۇچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى بويىچە، ئىپەكچىلىك، ئاسىل تاشتىن جابدۇق ياساش، قەند ئىشلەپ چىقىرىش ۋە باشقىلارنى خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن ئىكەن.

X ئەسىر يازغۇچىسى گاردىزى ئۆزىنىڭ «زەينەل ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدە، ئۇيغۇرستاندا مېۋە ناھايىتى كۆپ، بۇغداي، تېرىق شۇنداغ بولىدىكى، ئاياق ئىلىپ مېڭىشقا بولمايدۇ. باغلىرىدا مېۋىنىڭ جىمىكى خىللىرىدىن بار. ئىپەكچىلىك شۇنچە تەرەققى، ھەر بىر ئۆيدە ئىككى مىڭ تۇپتىن كام ئەمەس تۈت دەرەخلىرى بار. مەرۋايىت ئاسىل تاشلاردىن ياسالغان نەفىس ئەسۋاب ۋە باشقا سانائەت تاۋارلىرىنى چەتكە چىقىرىدۇ دەپ يازغان.

XIII ئەسىر بېشىدا شەرقى تۈركىستاننى ئارىلاپ، خىتايغا ئۆتكەن سەيياھ ماركو پولو تارىم ئەتراپىنى ئۇيغۇرستان دەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىرى كۆپ، مەركىزى شەھىرى قاراخوجا دەپ يازغان ئىدى.

بۇ ئېيتىلغانلاردىن شۇنداغ خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن: ئۇيغۇر خەلقى ھازىرقى شەرقى تۈركىستان ئۆلكىسىنىڭ ۋە قىسمەن گانسۇ، شەنسى ئۆلكىلىرىنىڭ بىر قىسمىدا قەدىمدىن ياشاپ كەلگەن ۋە شۇ يەرلەرنىڭ تۈپكى ئىگىلىرى بولغان، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە XV ئەسىرگىچە ئەڭ مەدەنى ۋە ئەڭ تەرەققى خەلقىدىن بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخى دەۋرلىرىنى شۇ جايلاردا ياشاپ ئۆتكۈزۈپ كەلدى. ئۇلار زامانىسىدا باشقا

تۈرك قەبىلىلىرى ۋە ئوزگە خەلقلەرگە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تارقاتتى ۋە ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا يارى-يۆلەك بولدى.

ئۇلاردىكى ئولتۇراق، دېھقانچىلىك ۋە كاسىپچىلىق ھەم شەھەر ۋە ئۇششاق سانائەت ۋە سودا-تىجارەتنىڭ قىلىمدىن تەرەققى ئەتكەنلىگى ئۈچۈن، ئۇلاردا فېئوداليزم قۇرۇلىشى باشقا تۈرك خەلقلىرىدىن ئاۋال تەرەققى ئەتكەن بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسرلەردە فېئوداليزمنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولدى.

---

ئە. ھىدايەت ئوغلى،

تارىخ فەنلىرى كانديداتى.

# ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقى تۈركستاندىن ئىلىغا كوچۇرۇلىشى

XVII نچى ئەسرنىڭ يېرىمىدا مانجۇرلار پۈتۈن خىتايدا ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپ، خوشنا ئەللەرنى ئىستىلا قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشكە باشلايدۇ. شۇ سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار 1757 نچى يىلى قالماق خەلقىنىڭ كۆپچىلىگىنى قىرىپ تاشلاپ، جوڭغارىيەنى ئىستىلا قىلىدۇ. شۇ يىلىلا مانجۇرلار، شەرقى تۈركستاننىمۇ ئىستىلا قىلىش ئۈچۈن، ھەربى ھەرىكەت باشلايدۇ. لېكىن ئۇيغۇر خەلقى باسقۇنچىلارغا قارشى ئىككى يىلغىچە قاتتىق كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. ئاخرى مانجۇرلار 1759 نچى يىلى شەرقى تۈركستاننىمۇ ئىستىلا قىلىدۇ.

مانجۇرلارنىڭ جوڭغارىيە بىلەن شەرقى تۈركستاننى چاپسان ئىستىلا قىلىشىغا سەۋەپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك بولغانلىغىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ مەزگىلنىڭ ئوزىدە شەرقى تۈركستاندا مەركەزلەشكەن دۆلەت بولمىغان ئىدى. ئەكسىچە، بۇ ئەللەر بىر نەچچە ۋىلايەتلەرگە بولۇنۇپ، ھەر بىر ۋىلايەتنىڭ ھاكىمى ئوزى بەگ، ئوزى خوجا ئىدى. بۇ ۋىلايەت ھاكىملىرىنىڭ

كۆچى كېرەك بولىدۇ، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مانجۇرلار ئۇيغۇرلارنى شەرقى تۈركستاندىن جوڭغارىيەنىڭ ئىلى ۋىلايىتىگە مەجبۇرى يوسۇندا كۆچۈرۈشكە كىرىشىدۇ.

شەرقى تۈركستاندىن ئۇيغۇرلارنى ئىلىغا كۆچۈرۈش 1760 نچى يىلى باشلىنىدۇ. شۇ يىلى ئاقسۇ شەھىرىدىن 300 ئادەم كۆچۈرۈلىدۇ. كۆچۈرۈش ئىشى ئۈچ تۇرفان قوزغىلاڭىدىن كېيىن بولۇپ، 1767 نچى يىلغىچە ئۈچتۇرفان، خوتەن، يار كەنت، قومۇل ۋە باشقا شەھەرلەردىن 6 مىڭ ئائىلە ئىلىغا كۆچۈرۈلىدۇ. بۇ كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ئىلىدا تۆۋەندىكىچە ئورناشتۇرۇلىدۇ:

| تەرتىپ سانى | ئۇيغۇرلارنىڭ ئورناشقان جايلىرى | ئائىلىلەر سانى |
|---|---|---|
| 1 | قاينۇق . . . . . . . . . . . | 600 |
| 2 | قاش . . . . . . . . . . . | 500 |
| 3 | بولوبورغوس . . . . . . . . . | 1100 |
| 4 | جىرغىلاڭ . . . . . . . . . . | 900 |
| 5 | تاش ئۆستەڭ . . . . . . . . | 400 |
| 6 | بايتوقاي . . . . . . . . . . | 600 |
| 7 | خونۇخاي . . . . . . . . . | 800 |
| 8 | داردامتۇ . . . . . . . . . . | 500 |
| 9 | ئارا ئۆستەڭ . . . . . . . . | 600 |
| | جەمئىي | 6000 |

(دومان — «XVIII نچى ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا چىن خوكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇتقان ئاگرار سىياسىتى»، 165 بەت).

شەرقى تۈركستاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىغا كۆچۈرۈلىشى چاڭلۇڭ خان دەۋرىدە بولۇپ، تۇرفانلىق ئېمىن ۋاڭ بۇ كۆ-



...وتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا ئۇرۇشلار بولۇپ تۇراتتى. باشقىچە ...يىتقاندا، جوڭغارىيەدە ياكى شەرقى تۈركستاندا مەركەزلەشكەن ...ۋلەت بولماي، خەلق ئوتتۇرىسىدا بىرلىك يوق ئىدى. شۇنىڭ ...ئۈچۈن بۇ خەلقنى ئىستىلا قىلىش ناھايىتى ئاسان ئىدى. شۇنىڭ ...ەن بىللە، جوڭغارىيە بىلەن شەرقى تۈركستاندا ئۆز مەنپە...ەتىنى كۆزلەپ، ۋەتىنىنى ساتقۇچى خائىنلار بولدى.

مانجۇرلار شەرقى تۈركستاننى ئىستىلا قىلغان كۈندىن باش...ب، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ئازادلىقى ۋە مۇستەقىللىكى ئۈچۈن ...ختىمالسىز كۈرەش ئېلىپ باردى. بۇ ئازادلىق كۈرەشلەردە ...چتۇرفان قوزغىلاڭى چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. 1765 نچى يىلى ...تۇن ئۈچ تۇرفان خەلقى مانجۇر مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى ...رالىق قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار مانجۇرلارغا سېتىل...ن ئۈچ تۇرفان ھاكىمىنى يوق قىلىپ، قوزغىلاڭنى قىزغى...لەپ بارىدۇ. مانجۇرلار ئۈچ ئايغىچە بۇ قوزغىلاڭنى باسالمايدۇ، ...ەت نۇرغۇن ئەسكەرلەر ياردىمى بىلەنلا، قوزغىلاڭنى باس...يدۇ ۋە ئۈچ تۇرفان خەلقىنىڭ كۆپچىلىگىنى قىرىپ تاشلايدۇ.

جوڭغارىيە بىلەن شەرقى تۈركستاننى ئىستىلا قىلىپ بولغاندىن ...يىن، مانجۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە ھاكىملارلىقىنى ...ئەللەردە مۇستەھكەم ئورناشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، شەر...، تۈركستاندا ئازادلىق قوزغىلاڭلىرىغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنى ...ر گۈن قىلىشقا كىرىشىدۇ. جوڭغارىيەدە بولسا، مانجۇرلار ...تۇرا ئازىيەگە قارشى ھەربى زەمىن تەشكىل قىلىش ئۈچۈن، ...ەڭغا يېقىن ئەسكەر تۇتىدۇ، مانا بۇ ئەسكەرلەرنى بېقىش، ...ر ئۈچۈن قەلئەلەر، ئىمارەتلەر سېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشچى

ئۇرۇشدە مانجۇر حاكىمىيىتىگە چوڭ ياردەملەرنى قىلىدۇ. شۇنىڭ
ـەمك ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا گوگمۇ، مانجۇرلارغا چوڭ خىزمەت
لىغىنى ئۈچۈن، ئىلىدا ئۇيغۇرلارغا حاكىم بولۇپ بەلگۈلىنىدۇ.
بۇ ئائىلە مىڭ ئۇيغۇردىن تاشقىرى يەنە ئىككى مىڭ ئويلۇك
ادەم ئىلىغا كوچۇرۇلۇپ، بۇلار نىلقا، توققۇزتارا ۋە باشقا
ايلارغا ئورنۇشىدۇ. شەرقى تۈركستاندىن ئىلىغا جەمئى 8 مىڭ
ويلۇك ئۇيغۇرلار كوچۇرۇلگەن بولىدۇ.

دىمەك، حازرقى ئىلى ئۇيغۇرلىرى XVIII نچى ئەسىردە شەر-
ى تۈركستاندىن مەجبۇرى كوچۇرۇلگەن ئۇيغۇرلاردۇر. بۇ
ەققدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شاعىرى موللا بىلال بىن موللا يۇسۇف
شۇنداغ دەپ يازىدۇ:

كەچاكلۇڭ دىگەن خان زامەنەن يىتىپ،
ايلا شەھرىگە نەچچە كوچمەن چىقىپ،
كوچار برلە اقسو شايار بايدىز،
كە يار كەند كاشقر خوتەن سەرىدىن.

(موللا بىلال ــ «غزات درملك چىن»، 9 بەت).

ئىلىغا كوچۇرۇلگەن ئۇيغۇرلار دىيقانچىلىق بىلەن مانجۇر
ـەسكەرلىرىنى بىقىش مەجبۇرىيىتىنى ئىلىپ بارىدۇ، بۇ ئۇيغۇر-
ـر قۇللار قانارىدا (كرىپوستنوى) بولۇپ، مانجۇر حاكىمىيىتى
ـچۈن دىيقانچىلىق قىلغانلىقىدىن، ئۇلارنى «تارانچى» دەپ ئاتىد-
ـن. ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرى تارىخىنىڭ مەشھۇر عالىمى
ـكادىمىك بارتولد «تارانچى» دىگەن سوزگە شۇنداغ باھا
ـرىدۇ:

شەرقى تۈركستاندا «...خەلق تۇرغان شەھەرلىرىنىڭ تامىغا



قاراپ ئوزلىرىنى قەشقەرلىق، تۇرفانلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش
ئاتاپ كىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى «تارانچىلار» دەپ ئاتىلىدىـ
غانلارمۇ بار (بۇلار مانجۇرلار تەرىپىدىن XVIII نچى ئەسىردە
شەرقى تۈركستاندىن ئىلىغا كوچۇرۇلۇپ، ئەسلىدە زىراعەتچىـ
لەر، دىيقانلار دىگەن مەعنادا بولىدۇ).

(بارتولد ــ «مانغۇل-تۈرك خەلقلىرىنىڭ تارىخى»، 34 بەت).

ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرىنىڭ تارىخى بىلەن مەشغۇل بولۇپ
كەلگەن ئارىستوف ئوزىنىڭ «غۇلجا حەققىدە» دىگەن ئەسىرىدە
«تارانچى» دىگەن سوزنىڭ كىلىپ چىقىشىنى شۇنداغ كورسىت-
ىپ ئوتىدۇ:

«مانجۇرلار جوڭغارلارنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا
ئۇچتۇرفاندىن ۋە شەرقى تۈركستاننىڭ باشقا شەھەرلىرىدىن 8 مىڭ
عائىلىنى تىرلغۇ قىلىشقا لايىق جاي بولغان ئىلى ۋىلايىتىگە كو-
چۇرۇدۇ. 1765 نچى يىلى بولغان قوزغۇلاڭ ئۈچۈن (ئۇچتۇرفان
قوزغۇلاڭى ئە. ھ.) جازالاش مەقسىدى بىلەن بۇ كوچمەنلەرنى
مانجۇرلار ئوز حاكىمىيىتى ئۈچۈن دىيقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر
قىلىپ، ئۇلار ئىلىدا «تارانچى» دەپ ئاتىلىدىغان بولىدۇ. («تۈر-
كستان ئولكىسىنىڭ ستاتىستىكى ئۈچۈن ماتىريالالار» 1773 نچى
يىل، 212 بەت).

«تارانچىلار» دىگەن چوڭ ئەسەر يىزىپ قالدۇرغان يۇمەد-
سوف ئىلىغا كوچۇرۇلگەن ئۇيغۇرلار حەققىدە شۇنداغ دەپ
يازىدۇ:

«بۇ حوقۇقسىز كوچمەنلەر بىرىنچى نۆۋەتتە مانجۇرلارنى ئاش-
لىق بىلەن تەئمىن قىلىشقا مەجبۇر ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار

تارانچى، يەعنى دېھقانچى دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ قالىدۇ» (رومەنسوف — «تارانچىلار»، 6 - بەت).

دېمەك، ئىلىغا مەجبۇرى كۆچۈرۈلگەن شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى ئىلىدا مانجۇرلار ھاكىمىيىتى ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلىش ئارقىسىدا «تارانچىلار» دەپ ئاتىلىپ كېتىدۇ.

بۇ ھوقۇقسىز ئىلى ئۇيغۇرلىرى دېھقانچىلىق قىلىپ تاپقان ھوسۇلىنىڭ تولىسىنى مانجۇر دۆلىتىگە تاپشۇرۇپ، ئاچ - يالىڭاچ تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى.

دۇمان ئوزىنىڭ ئاساسەن خىتاي مەنبەلىرىگە ئاساسلىنىپ يازغان «چىن ھۆكۈمىتىنىڭ XVIII نچى ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا شىنجاڭدا تۇتقان ئاگرار سىياسىتى» دېگەن ئەسىرىدە شۇنداغ يازىدۇ:

«شەرقى تۈركىستاندىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن كرېپوستنوي دېھقانلار ئىلىق - سىلىقلارنى بېرىپ بولۇپ، قولىدا قالغان ئاشلىغى بىلەن ئاچارچىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى» (162 — 163 بەتلەر).

ئىلى ئۇيغۇرلىرى دېھقانچىلىق قىلىپ مانجۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى بېقىشتىن تاشقىرى، ئۇلار ئۈچۈن قەلئەلەر (قورغانلار)، ئىمارەتلەر سېلىش ۋە ئۆستەڭلەر چېپىش مەجبۇرىيىتىنىمۇ ئېلىپ باراتتى. ئىلىدىكى شەھەرلەر، قەلئەلەر، ئۆستەڭلەر — ھەممىسى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قېنى ۋە ماڭلىيىدىن ئاققان تەرلىرى بىلەن قۇرۇلغاندۇر. بۇ ھەقتە فېدوروف «ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەربى ستاتىستىكا تەرىپى» دېگەن چوڭ ئەسىرىدە شۇنداغ دەيدۇ:





«ئىلى ۋىلايىتىدە مانجۇرلار ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىمارەتلەر، قەلئەلەر سېلىش ۋە ئۆستەڭلەر چېپىش ئىشلىرى نۇرغۇن ئىشچى كۈچىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەلەپنى قاناەتلەندۈرۈش ئۈچۈن مانجۇرلار قەشقەر مۇسۇلمانلىرىدىن 8 — 10 مىڭغا يېقىن ئائىلىنى ئىلى ۋىلايىتىگە كۆچۈرۈپ، بۇلار «تارانچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ» (1 قىسىم، 16 بەت).

ئىلى ئۇيغۇرلىرى مانجۇر ھاكىمىيىتىنىڭ كرېپوستنوي دېھقانلىرى بولۇپ كەلگەن بولسا، ئومۇمى ئۇيغۇر خەلقى مىللى ئېزىلىش ئاستىدا ياشاپ كەلدى. بۇ مىللى ئېزىلىشنىڭ ئاچچىقلىقى ئېغىر بولغانلىقى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئىككى مىسال دەلىل بولالايدۇ.

— كوستېنكو ئوزىنىڭ «يەتتە سۇ ۋىلايىتىنىڭ ئوچېركلىرى» دېگەن تارىخى ئەسىرىدە:

«ئەگەر بىرەر ياخشى مال ياكى ئوڭگان بىلەن تارانچىنىڭ خوتۇنى ياكى قىزى مانجۇر مەنسەپدارلىرىغا يېقىپ قالسا، سورۇسىز تارتىپ ئالىدۇ. بۇلاردىن تاشقىرى خەلق باشقا بىر مۇنچە خورلۇقلارنى كۆرەتتى، مانجۇر مەنسەپدارلىرى ئۇچراپ قالغاندا، خەلق ئولتارغان بولسا، ئورنىدىن تۇرۇشقا، ئاتلىق بولسا، ئاتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر ئىدى» دەيدۇ («ھەربى مەجمۇئە» دېگەن ژۇرنال، 1872 نچى يىل، 6 سان).

مانجۇر قەبىلىرىدىن بولغان ئىلى شىبەسى 1864 نچى يىلى ئىلىدا بولغان تۇڭگان ۋە ئۇيغۇرلار قوزغىلاڭى ھەققىدە مانجۇر تىلىدا خاتىرىدە يېزىپ قالدۇرۇپدۇ. مانا بۇ خاتىرىنى غۇلجا شەھىرىدە ياشاپ كەلگەن دىياكوف رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ. شىبە ئوزىنىڭ بۇ خاتىرىسىدە شۇنداغ دەيدۇ:

مانجۇرلار بىر ئەسىر بويى تارانچىلارنىڭ نېنىنى يەپ، دۆۋلەتتىن ياخشى ئايلىق ئېلىپ، شەھەرلەردە غەمسىز، بۇزۇقچىلىق قىلىپ ياشاپ كەلدى» (رۇس ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى شەرق بۆلۈمىنىڭ مەكتۇبلىرى، XVIII جىلد، I قىسىم).

بۇ ماقالىمىزدا بىز تۆۋەندىكى نەتىجىگە كېلىمىز:

1. مانجۇرلار ھاكىمىيىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق قوزغىلاڭلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالاش مەقسىدى بىلەن XVIII نچى ئەسىردە شەرقىي تۈركىستاندىن مەجبۇرى يوسۇندا ئىلىغا كۆچۈردى.

2. شەرقىي تۈركىستاندىن ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار مانجۇر ھاكىمىيىتىنىڭ كرېپوستنوي دېھقانلىرى بولۇپ، «تارانچى» (زىرائەتچى-دېھقانچى) دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ قالدى.

3. مانا بۇ «تارانچى» دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ قالغان ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئاقسۇ، ئۇچ تۇرپان، كۇچا، خوتەن، ياركەند ۋە قەشقەر شەھەرلىرىدىن چىققان شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىدۇر. دېمەك، شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى بىلەن ھازىرقى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەممىسى بىر خەلق — ئۇيغۇر خەلقىدۇر.

---

ئە. ھىدايەت ئوغلى،
تارىخ پەنلىرى كاندىداتى.

# ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈپ چىقىشى

ئىلى ۋىلايىتى 1871 نچى يىلدىن 1881 نچى يىلغىچە رۇس دۆلىتىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. مانا شۇ 10 يىل ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىدە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. لېكىن، بۇ كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەر ئىلدام تەرەققىي ئەتمىدى. ئەكسىچە، ئاستا تەرەققىي قىلىپ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىلى ۋىلايىتى ئۈچۈن ئەھمىيىتى چوڭ ئىدى. يەر-سۇغا باي، تەبىئىي بايلىقى كۆپ بولغان ئىلى ۋىلايىتى كونا فېئودال مۇناسىۋەتلەرنىڭ چوڭ ئورۇن ئېلىپ كېلىشى نەتىجىسىدە ھېچ بىر جەھەتتىن تەرەققىي ئېتىپ كېلەلمىگەن ئىدى. پەقەت كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەنلا، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى بىر قانچە تەرەققىي ئېتىشكە باشلىدى.

مانا بۇنىڭ نەتىجىسىدە شۇ ئون يىل ئىچىدە ئىلى ۋىلايىتىدە بىر قانچە يېڭىلىقلار پەيدا بولدى. يەرلىك خەلقلەردىن بولغان ھاكىمىيەت ۋەكىللىرى ئىلگىرى يۇقۇرىدىن بەلگىلىنىپ كەلگەن

بولسا، كيين ئۇلار سايلاملار ئارقىلق بولىدىغان بولدى. پۇخ-
رانىڭ شەخسىيتىنى ۋە شەخسى مۈلكىنى رۇس حاكىمىيتى
حىمايە قلب كەلدى. ئېلىدا سانائەت، ھۈنەر، ئىفەكچىلىك، يېزا
ئىگىلىگى ۋە مال چارۋىچىلىغىنىڭ كوتۈرۈلىشىگە ئىمكانىيەت
بېرلدى، سودا-سېتىق ئىشلىرى كەڭەيدى. يوللارنى تۈزۈتۈش،
كورۈكلەرنى سېلىش، يېڭىچە عىمارەتلەرنى قۇرۇش ئىشلىرى
يۈر گۈزۈلدى. غۇلجىدا كىسەلخانا ئېچلدى، بالىلارغا چېچەك
سېلىش، يۇخرانى دورىلار بلەن تەئمين قلش ۋە باشقا تىببى
يار دەملەرنى كورسۈتۈش ئىشلىرى ئۈيۈشتۈرلدى. مەكتەبلەر
ئېچىشقا، مەعارىف ئىشلىرىنى ئېلىب بېرشقا بر مۈنچە ھۆمكىن-
چىلكلەر بېرلدى.

دىمەك، رۇس حاكىمىيتى دەۋرىدە ئېلى ۋىلايىتى ئىقتىسادى
ۋە مەدەنى جەھەتدن تەرەققى قلشقا باشلىدى. بۇ تەرەققى
قلش رۇس كاپىتالىزمىنىڭ تەئسىرى ئاستىدا بولۇب، رۇس
مەدەنىيىتى ئېلىغا تارالدى. مانا شۇ رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەئسىرى
ئارقىسىدا، ئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى تەرەققى قلب كەلدى.
بۇ ۋاقىعە ئېلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىدا چوڭ تەرەققى پەرۋەرلك
ئەھمىيەتگە ئىگىدۇر.

1881 نچى يلى بولغان پېتربۇرگ شەرتنامىسى بويىچە، ئېلى
ۋىلايىتى ختايغا قايتۇرۇلۇب بېرىلىدۇ. بۇ شەرتنامىنىڭ بر ماد-
دىسىدا ئېلى خەلقلىرىگە ئېلىدا قېلش ياكى قالماسلق تو-
غرۇلۇق ئختىيار بېرلگەن ئىدى. كوپچىلك ئۇيغۇرلار ۋە تۇڭ-
گانلار رۇس يېرىگە كوچۈب چقشنى عەرز قلىدۇ. مانا شۇ
پېتربۇرگ شەرتنامىسى بويىچە ئېلى ئۇيغۇرلىرى بلەن تۇڭ-



گانلارنىڭ كوپچىلىگى 1881 نچى يلدىن باشلاب يەتتە سۇ
ۋىلايىتىگە كوچۈشكە باشلايدۇ.

رۇس دوۋلىتى شەرق دوۋلەتلىرىگە قارىغاندا، مەدەنى جە-
ھەتدن يۇقۇرى دەرىجىدە بولۇب، تەرەققى پەرۋەررەك دوۋلەت
ئىدى. XIX نچى عەسرنىڭ 60 نچى يللىرىدن باشلاب، رۇسىيە
كاپىتالىزم يولى بلەن چاپسان تەرەققى قلشقا باشلىدى. شەرق
دوۋلەتلىرى بولسا، تېخى ھېلىقى كونا فېئودال-مۇناسىبەتلىرىدن
چقالمىغان، سىياسى-ئىقتىسادى ۋە مەدەنى جەھەتلەردن تەرەققى
قلالماي، بر قېلىپدا، ئوزگەرمەسدن كەلدى. رۇسىيە بولسا،
ئىقتىسادى ۋە مەدەنى تەرەققىياتدا بۇ شەرق دوۋلەتلىرىگە قا-
رىغاندا شۇبھىسىز يوقۇرى بولدى. بۇ حەقدە فرىدرىخ ئېنگېلس
ئوزىنىڭ 1851 نچى يلى 23 نچى مايدا كارل ماركسقا يازغان
خېتىدە شۇنداغ دەيدۇ:

«رۇسىيە شەرققە قارىغاندا حەقىقەتەن تەرەققى پەرۋەر ئەا-
مدۇر» (ماركس، ئېنگېلس — «خەتلەر»، 1931 نچى يل نەشرى).

10 يل بويىچە رۇس حاكىمىيتىنىڭ قول ئاستىدا بولۇب
كەلگەن ئېلى ئۇيغۇرلىرى رۇس دوۋلىتىنىڭ تەرەققىپەرۋەر
ئىكەنلىگىنى سەزدى: رۇس مەدەنىيىتىنىڭ ئەھمىيتى ۋە رۇس
حاكىمىيتىنىڭ شەرق ئەللىرىگە قارىغاندا، عادالەتلىگرەك ئىكەنلى-
گىنى بلدى؛ باشقىچە ئېيتقاندا، فېئودال مۇناسىبەتلەر ئاستىدا
ياشاشقا قارىغاندا كاپىتالىستلك مۇناسىبەتلەر تەرەققى قلب
كېلىۋاتقان دوۋلەت قول ئاستىدا ياشاشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىگىنى
ياخشى چۈشەندى..

ئۇيغۇر خەلق شائىرى سېيىت مۇحەممەد جېل مۇحەممەد ئوغلى

ئېلىدىن يەتتەسۇغا كۆچۈش سەۋەبلىرىنىڭ بىرىنى شۇنداق يازىدۇ:

كه بز كه رحمه ايلاپ پادشاهىنىڭ آلغانى اوبدان،
كوچار كوچماسنى رعيەنىڭ اوزيكه سالغانى اوبدان.
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
عدالت ليك د، يتمەيدۇر بو خانغه اول چنى خاقان،
انيك اوچون كيتارميز ايلەدين بز كل قالماى جان،
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

(ن. ن. پانتوسوف.— تارانچى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگۈلىرى،— قازان، 1909 يل، 45 — 146 بەتلەر).

ئېلىدىن يەتتە سۇغا كۆچۈش دەۋرىدە پەيدا بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ ئەدالەتلىگىنى تىلغا ئېلىپ ...ارغانلىغى ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

كيمسار گنرال فريده [1]) بيزلارگا دور جاندرال،
پانتسوف [2]) بيلەن ئككيسى ھەقتين تاپسۇنلار كامال.
بۇ ئككيسى غۇلجيدا تولا قلدى عدالەت،
بۇ غۇلجىنىڭ خەلقىغە سانسيز قلدى رعايەت.

(ن. ن. پانتوسوف.— ئېلىدىن كۆچۈپ چىققان ئۇسەك تارانچىلىرىنىڭ يېڭى ناخشىلىرى،— قازان، 1907 يل).

بۇ مىساللاردىن بىز شۇنى كۆرىمىز كى، ئېلى ئۇيغۇرلىرى ترەققىيپەرۋەر ۋە ئادالەتلىك كەلگەن رۇس دۆلىتىگە كۆچۈپ چىقىشىغا ئىنتىلىدۇ.

[1]) گېنېرال فرىدە— ئېلىنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىش ئىشلىرىدا ...لگۈزۈلگەن كومىسسار، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەتتە سۇ ۋىلايىتىنىڭ ...ۋبېرناتورى بولغان.
[2]) ن. ن. پانتوسوف— يەتتەسۇ گۇبېرناتورىنىڭ غۇلجادىكى ئىشلىرى ...بىچە بولغان ئىدارە باشلىغى.



شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسىرلەر بويىچە ئۇيغۇر خەلقىگە جەبىر-زۇلۇم قىلىپ كەلگەن خىتاي-مانجۇر مۇستەملىكىچىلىرى ئېلى ۋىلايىتىنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، 1864 نچى يىلى بولغان ئازادلىق قوزغىلاڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا قاتتىق جازالارنى بېرىدىشى سۆزسىز ئىدى. ئېلى ئۇيغۇرلىرى مانا شۇ بولىدىغان جازالارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلىرىنى تاشلاپ رۇس يېرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر ئىدى.

ئېلىدىن يەتتە سۇغا كۆچۈش 1881 نچى يىلى كۈز ئايلىرىدا باشلىنىپ، 1883 نچى يىلى تامام بولدى. بىرىنچى دۈر كۆندە كۆچۈپ چىققانلار، قىش ئەتىگەندە باشلىنىپ قىلىپ، تولا ئېغىر ئەھۋالدا قالىدۇ. كۆچكەن خەلقنىڭ كۆپچىلىگى كەمبەغەل بولۇپ، بۇلار تولىمۇ ئېغىرچىلىقلارنى تارتىدۇ.

يەتتە سۇ گۇبېرناتورى ئۆزىنىڭ 1881 نچى يىلى 7 نچى نويابىردە تۈركىستان گېنېرال-گۇبېرناتورىغا قارىتىپ يازغان خېتىدە [1]) شۇنداق دەيدۇ:

«... خەلقنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەمبەغەل ۋە كۆپچىلىگىنىڭ ھەتتا بىردىن ئېتىمۇ يوق ئىدى. قايسى بىرلىرى پەقەت بىر ئېشەك بىلەنلا چىققان».

يەتتە سۇ گۇبېرناتورى 188[illegible] نچى يىلى 23 نچى فېۋرالدا يازغان راپورتىدا [2]) شۇنداق دەپ يازىدۇ:

«ناھايىتى كەمبەغەل كۆچمەنلەر بىز ئېلىدا قىلىمۇ چىدالمايمىز ۋە ياردەمسىز كۆچۈپ چىقىشىمۇ بىز ئۈچۈن تولا ئېغىر دەپ،

[1]) قازاقستان مەركىزى ئارخىۋى، 64 فوندى، 21 بەت.
[2]) قازاقستان مەركىزى ئارخىۋى، 64 فوندى، 401 بەت.

ئىخى-زارى بلەن ياردەم سوراب ماڭا تيليگرام ئەۋەتدى».

يەتتە سۇ گۇبيرناتورى 1884 نچى يلى 24 نچى سينتەبردە يازغان يەنە بر خيتيدە [1]) شۇنداغ دەيدۇ:

«برنچى دۇر كۇندە كوچۇب چققان تارانچيلار كەمبەغەللەردن بولۇب، قش ئەتيگەن باشلينب قالغانلقدن، هيچ قانداغ ماكان قۇرالميغان».

ئيليدن يەتتە سۇغا كوچۇب چقش ئوڭاي ئەمەس ئيدى. خۇسۇسەن كوپچيلكنى تەشكل قلغان كەمبەغەللەر ئۇچۇن بۇ كوچۇش توليمۇ ئيغر ئيدى. خەلق شاعيرى سييت مۇحەممەد كەمبەغەل كوچمەنلەرنڭ قانداغ ئيغر ئەحۋالدا قالغانلىغى حەققيدە شۇنداغ دەب يازيدۇ:

قوتى بار آدميلار تنتماس اندا باريب.
قيلغيسيدور اوى عيمارەت باغ بستان تراك.
فقرى فقرالار خجالت تنكەسى يوق قوليدا،
ايلانيب باشى قاتيب هر كولدە يوزمينڭ غميك.
(ن. پانتوسوف — تارانچى خەلق ئەدەبيياتينڭ ئۇلگۇليرى — قازان، 1909 نچى يلى، 148 بەت).

برنچيدن، يەر-سۇنى، ئوى-جاينى يەعنى ۋەتەننى تاشلاب چقش ئيغر بولغان بولسا، ئككنچيدن ئات-ئۇلاق ئاز بولۇب، بيرب جايلاشقيچە ئۇرغۇن جاپالارنى تارتشقا توغرى كيلەتدى. شۇنداغ بولسىمۇ كوپچيلك خەلق كوچۇشكە كرشدى. شۇ كوچمەنلەرنڭ برى، ئوزى كەمبەغەل ئوتكەن شاعير سييت

[1]) قازاقستان مەركيزى ئارخيۋى، 64 فوند، 8 بەت.



مۇحەممەد ئيدى. ئۇ ئوزى ۋەهەم كوچۇش توغريسيدا شۇنداغ يازيدۇ:

من فقير بيچارەدورمن دل سكستە هم غريب،
برنجيدفاسيد خياللاردە چرايم سارغريب.
نە عجايب ايش كوررمز كورمكان يركە باريب،
ايريلب بز ايليدين كيتارميز ايمدى قول ساليب.

***

شەميز قالماى كيتارميز خالى قالماس بو ايلە،
هر نە بولساش تنك بولالى اوشبو كتكان يورت ايلە.
بتماك اول اسان ايماس يول رنج محنتلاريلە،
هر قايتركە بارساق ايمدى تينچ امانلقنى تيلە.
(ن. ن. پانتوسوف، — 158 — 160 بەتلەر).

كوچۇش 1883 نچى يلى 15 نچى مارتدا توختۇلۇب، شۇ 1881 — 1883 نچى يللاردن تارتب يەتتە سۇدا ئۇيغۇر يېزيليرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. كەتمەن بولۇسى بولسا، پيتربۇرگ شەرتناميسى بويىچە ئيلى ۋيلايتيدن يەتتە سۇغا قوشۇلدى. بۇ بولۇسديكى ئۇيغۇر يېزليرى VXIII نچى عەسرنڭ 70 نچى يللىريدا، ئۇيغۇرلارنڭ شەرقى تۇركستاندن ئيلى ۋيلايتيگە كوچۇرۇليشى مۇناسيبيتى بلەن پەيدا بولغان ئيدى.

ئيليدن كوچكەن ئۇيغۇرلارنڭ بر قسمى ئوسەك دەرياسى بلەن قورغاس دەرياسى ئوتتورسيدا بولغان يەرلەرگە ئورنيشيدۇ. بۇ يەردە 1882 نچى يلدن باشلاب ياركەنت شە-

ھیری قۇرۇلیدۇ. کوچمەنلەرنىڭ ئىككىنچی قسمی 1881—1882 نچی یللاردا ئاقسۇ بولۇسیغا ئورنۇشۇب، کچك ئاقسۇ، چوڭ ئاقسۇ—دۇلاتا، سەككز—ئون ۋە بایانقازاق یېزیلیری قۇرۇلیدۇ. بۇ یەردە سۇ کام بولغانلقدن، 230 ئویلۇك ئادەم 1883 نچی یلی ئاقسۇ بولوسیدن کوچۈب، چارینغا ئورنیشیدۇ. کوچ-مەنلەرنىڭ ئۇچنچی قسمی مالیبای بولوسیغا ئورنوشۇب، مالیبای، بایسییت، ماساقبای، قاینۇق ۋە باشقا یېزیلار قۇرۇلیدۇ. کوچ-مەنلەرنىڭ تورتنچی قسمی قورام بولوسیغا ئورنۇشۇب، 1881—1882 نچی یللیری قورام، ئاسی، ئون-ئوی، کیکبای ۋە باشقا یېزیلار پەیدا بولۇدۇ. 1883 نچی یلی ئاقسۇ بولۇسیدن بر قانچە ئویلۇك ئادەم قورام بولۇسیغا کوچۈب، 1883—1885 یللیری قارا تورۇق یېزیسی قۇرۇلیدۇ. کوچمەنلەرنىڭ بەشنچی قسمی قارا سۇ بولۇسیغا ئورنۇشۇب، تاشتی قارا، تەشكەنبای ساز، جاریلقاب، ماناب، پالتیبای ۋە باشقا یېزیلار پەیدا بلیدۇ. بۇلاردن تاشقری یۇزلەب ئویلۇك ئادەم بەیرەم عالی تەرەفكە ھەم کەتمەن بولۇسیغا ئورنۇشیدۇ.

ئیلیدن یەتتە سۇغا ئۇیغۇرلاردن باشقا تۇنگانلارمۇ کوچۈب چقیدۇ. بۇلاردن 1147 ئویلۇك ئادەم، یەعنی 4682 جان کوچۈب چقب، یارکەنت، چارین، ئالمۇتا، توخماق، پشپەك (عازرقی فرۇنزی) ۋە قورام بلەن قارا سۇ بولۇسلیریغا ئورنۇشیدۇ.

ئیلیدن یەتتە سۇغا کوچۈب چققان ئۇیغۇرلارنىڭ سانی [1] 1884 نچی یلی تۇۋەندیکیچە بولغان:

[1]) قازاقستان مەرکیزی ئارخیۋی 64، فوند، 60 بات.



| بولوسلار | عائیله | ئەرلەر | خوتونلار | جەمئی جان |
|---|---|---|---|---|
| یارکەنت . . . | 2479 | 5227 | 4262 | 9489 |
| ئاقسۇ-چارین . | 1234 | 3226 | 2707 | 5933 |
| کەتمەن . . . . | 760 | 2137 | 1650 | 3787 |
| مالیبای . . . . | 1442 | 3931 | 3331 | 7862 |
| قورام . . . . | 2285 | 7154 | 6150 | 13304 |
| قاراسۇ . . . . | 1548 | 2953 | 2645 | 5598 |
| جەمعیسی | 9752 | 24628 | 20745 | 45373 |

دیمەك، ئیلیدن یەتتە سۇغا کوچۈب چققان ئۇیغۇرلار 9752 عائیلیدن، یەعنی 45373 جاندن عیبارەت بولغان؛ تۇنگانلار بلەن بولۇب، 10899 عائیلە، یەعنی 50055 جان بولیدۇ.

بۇ کوچۈب چققان ئۇیغۇر ۋە تۇنگانلارنی ئیدارە قلش ئۇچۇن بەش بولۇس تۈزۈلیدۇ: یارکەنت، ئاقسۇ، چارین، مالیبای قورام ۋە قارا سۇ. بۇلاردن تاشقیری 6 نچی کەتمەن بولیسی بولیدۇ. ئیلیدا بولغان بولۇسلار، یەتتە سۇغا چققاندن کینمۇ، بولۇسلۇق قلیدۇ. مەسیلەن: غۇلجا بولۇسی قاسم بەگ یەرکەنتکە؛ خونۇخای بولۇسی خۇدا بەردی ئاقسۇ-چارنغا؛ تاش ئوستەڭ بولۇسی ئابۇبەکری قورامغا ۋە غۇلجا بولۇسی جامالیدن قارا سۇغا بولۇس بولیدۇ. مالیبای بولۇسلیغینی ناسیر دیگەن ئادەم ئیلب باریدۇ. بولۇسلاردن باشقا ئۇیغۇرلاردن ئیلیدا چاغدا سایلانغان ئاقساقال، ئەللك بیشی، قازیلارمۇ ئوز گەرمەیدۇ.

يەتتە سۇغا كوچۇپ چىققان ئۇيغۇرلار قۇرۇق دالالارغا ئىگە بولۇپ، تا 1886 نچى يىلغىچە قارا ئۆيلەردە، كەپىلەردە كۈن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇ دەۋردە خەلق، خۇسۇسەن، كوپچىلىكنى تەشكىل قىلغان كەمبەغەللەر، كوپ ئېغىرچىلىقلارنى تارتىدۇ.

1882—1883 نچى يىللىرى پەيدا بولغان ئۇسەك ناخشىلىرىدا خەلق بىرىنچى دەۋردە كەچۈرگەن ئېغىرچىلىقلارنى شۇنداغ تەسۋىرلەيدۇ:

يار كەنت دېگەن يەرلەردە ئەسكى تام تولا ئىكەن،
نامراتلار قانداغ قىلۇر كىلتۇرگەن ئۇلاق ئىكەن.

ئۇسەككە بارورمىز دەپ، ئەسكى تام ئارا ياتدۇق،
ئۆي جايىمىز يۈتكۈنچە، توپراق—توپىدا ياتتۇق.

ئۇسەككە بارغان خەلقلەر، ئەسكى تامنى ئۆي قىلدى،
ئۇندا خوتۇن ئالغانلار، ئەسكى تامدا تۇي قىلدى.

(ن. ن. پانتوسوف.— ئىلىدىن كوچۇپ چىققان ئۇسەك تارانچىلىرىنىڭ ناخشىلىرى.— قازان، 1907 نچى يىل).

خەلق فەقەت 1886 نچى يىلدىن باشلاپ ئۆي-جايلىق بولۇپ، تۇرمۇشلىرى بىر ئاز يېنىكلىشىشكە باشلايدۇ. لېكىن، يەر-سۇ مەسىلىسى كوڭۇلدىكىدەك ھەل بولماي، كەمبەغەل ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئۇنچە ئوڭگەرمەيدۇ. كوچۇپ چىققانلارغا ئەر كىشىگە 5 دېسەتىنىدىن يەر بېرىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ يېرىمى تېرىلغۇ قىلىشقا يارىسا، يېرىمى يارىمايدىغان يەر بولىدۇ. ئاندىن تاشقىرى



يەتتە سۇدا ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن يەرلەر ئىلى يەرلىرىگە قارىغاندا ئۇنۇمسىز، سۇيى ئاز بولۇپ، تولا ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئاز ھوسۇل بېرىدۇ. بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئاز ۋە ئۇنۇمسىز بولۇشىدىن خەلق ناھايىتى ئېغىر تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

خەلق ئۆزىنىڭ ئۇسەك ناخشىلىرىدا شۇنداغ دەپ ئېيتىدۇ:

ئېكى مايور يەر بەرمەس، يول ئۈستىنى تەردۈرمەس،
باشقا قانتىق كۈن چۈشتى، بەش ھولۇقدىن يەر تەگمەس.

(ن. ن. پانتوسوف.— ئۇسەك ناخشىلىرى).

ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كوچۇشى قانچىلىك ئېغىر بولغان بولسىمۇ، بۇ كوچۇش تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەسىرلەر بويىچە فېئودال مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئېغىر مىللى ئېزىشلارنىڭ ئاستىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ شەرققە قارىغاندا يۇقۇرى مەدەنىيەتلىك بولغان ۋە كاپىتالىزم يولى بىلەن تەرەققى ئېتىپ كەلگەن رۇس دوۋلىتىنىڭ قول ئاستىدا ياشاش سوزسىز فائىدىلىق ئىدى. ئىش يۈزىدىمۇ شۇنداغ بولۇپ چىقتى. 1881 نچى يىلدىن 1917 نچى يىلغىچە بولغان دەۋردىن يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى مەدەنى جەھەتتىن بىر قانچە كوتۇرۇلدى. يەتتە سۇغا كوچۇپ چىقىپ قالغانلىقىدىن، ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستلىك ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلارمۇ ئازاد بولدى. سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مەدەنى جەھەتلەردىن باشقا سوۋېت خەلقلىرى قاتارىدا تەرەققى قىلىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە بولدى.

ئە هيدايەت ئوغلى،

تاريخ فەنلىرى كانديداتى.

# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى موللا بىلال بن موللا يۇسۇف

موللا بىلالبن موللا يۇسۇف تەخمىنەن 1822 يىلى غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ تەرجىمە ھالى ھەققىدە ھۆججەتلەر يوق. موللابىلال ئۆز ئۆمرىدە بىر قانچە تارىخى ۋە ئەدەبى ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «كتاب غزات درملك چين» چوڭ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە. موللابىلالنىڭ بۇ ئەسىرى 1880 يىلى قازان شەھىرىدە بېسىلىپ چىققان. بۇ ئەسەرنى يېزىشتىن ئىلگىرى موللابىلال شېئىرلار يېزىپ كەلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى خەلق چوڭ مۇھەببەت بىلەن ئوقۇپ، ئۇنىڭغا «ناظم» دېگەن نام بەردى. «نۇرۇگۇم» ۋە خەلق ئەدەبىياتىدىكى بىر قانچە قوشاقلار ناظم تەرىپىدىن يېزىلغان.

موللابىلالنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولغان ئەلى ئۇنىڭغا 1864 - يىلى ئىلىدا بولغان مىللى ئازادلىق قوزغىلاڭى ھەققىدە بىر ئەسەر يېزىپ قالدۇرۇش كېرەك دېگەن فىكرنى بېرىدۇ. ئەلىنىڭ بۇ مەسلىھىتى بىلەن موللابىلال شېئىر بىلەن «كتاب غزات درمـ



لك چين» دېگەن تارىخى ئەسەرنى يارىتىدۇ. بۇ ئەسەر شۇنداغ باشلىنىدۇ:

بولۇب گاه گاه نظم قلماق ايشم
محيبلار [1]) بلەن بزم قلماق ايشم
بناگاه يولۇقتى كەبر نچە دوست
بولار دوسلوقى بزگا ايردى دروست،
بولاردن بريسى على نام ايدى
قلب عذر بسيار بو قسمى ديدى
ايا ناظمى آنكلاسانك بار سۆزۇم
قرينداشدن آرتوق سنكا مەن اوزوم
ايلانينك جهادينى[2]) نظم ايلاسنك
گلستان نظمدە بزم ايلاسەنك
جهان صفحەسيدە[3]) قالور ئانيمز
اوقۇر انجمن [4]) لاردا اولاديمز
اوقۇب روحميزغەدعا ايلاگاى
دعاسينى تنكريم روا ايلاگاى[5])

موللا بىلال ئۆز ئەسىرىدە ئىلىنىڭ تارىخىنى، ئاساسەن XVII ئەسىردىن باشلاپ ئىستىبداد مانجۇر ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قانداغ ئېغىر شارائىتتە ياشاپ كەلگەنلىگى ھەققىدە موللا بىلال شۇنداغ يازىدۇ:

---

[1]) محيبلار — يېقىن دوستلىرى.
[2]) جهاد — ئازادلىق ئۈچۈن بولغان مۇقەددەس ئۇرۇش.
[3]) جهان صفحەسيدە — دۇنيادا.
[4]) انجمن — مەجلىس، يىغىلىش.
[5]) موللا بىلال ئەسىرى، 7 بەت.

مدام نقرەزرلار[1]) آلب بايىدن
كەتارتيب آلب باي‌لار تابى‌دن
فقيرلار اولومنى كوروب يخشيراق
سفالار فقيرنى اوروب كوپ تياق
مانجۇرلار بۇ قسميدە ايلاب ستم[2])
بلاسينى ساتب آلورلار درم[3])
جدالماى بو كفارلار ظلمغە
رعايا جيدالماى تياق غولدى‌غە
حعولغا ساتب يخشى فرزندنى
كەجاندن عزيزراق جكربندنى
جيدالماى رعيت مانجو ظالميغە
ياغى بولدى آخر آلب زوريغە
يۈريوب بوبلال بوجهاد ايچرە كوب
فتيب دفترى اچرە آلدى كوروب[4])

مانا شۇ ئىجتىمائى ۋە مىللى ئىزىشلارنىڭ كۈچىيىپ كېتىش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر، تۇڭگان ۋە باشقا ئىزىلگەن خەلقلەرنىڭ مانجۇر ئىستىبداتچىلىقىغا قارشى مىللى ئازادلىق قوزغىلاڭلىرى باشلىنىدۇ. 1826 نچى يىلى گانسۇ ۋە شەنسى ۋىلايەتلىرىدە تۇڭگان خەلقى ئازادلىق قوزغىلاڭىغا ئاتلىنىدۇ. ئۇرۇمچى ۋە ماناس تۇڭگانلىرىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. 1864 نچى يىلى ئازادلىق قوزغىلاڭ شەرقى تۈركىستاندا باشلىنىپ كېتىدۇ.

---

[1]) مدام نقرەزرلار اليب — ھەمىشە ئالتۇن - كۈمۈچلەر ئېلىپ.
[2]) ستم — جەبرى - زۇلۇم.
[3]) درم — پۇل، كۈمۈچ پۇل.
[4]) مولابلال ئەسىرى، 9 بەت.




شۇ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە ياشىغۇچى تۇڭگانلار بىلەن ئۇيغۇرلارمۇ قوزغىلاڭ باشلايدۇ. دېمەك، ئىزىلىپ كەلگەن خەلقلەر ئۆز ئازادلىغى ۋە مۇستەقىللىگى ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ.

ئىلى ۋىلايىتىدە بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمى مەئزەم زات ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئابدۇرەسۇل بەگ ئىدى. ئىلى جاڭجۇڭى چاڭ مەئزەم زاتتىن قوشۇمچە سېلىق تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھاكىم مەئزەم زات بۇ قوشۇمچە سېلىقنى تۆلەش ئىمكانىيىتى يوق، دەپ جاۋاب قايتۇرىشى بىلەن، جاڭجۇڭ ئۇنى زىندانغا سېلىپ ئورنىغا ئابدۇرەسۇل بەگنى ھاكىم قىلىپ بەلگۈلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جاڭجۇڭنىڭ تۇڭگانلارنى يوق قىلىش مەقسىدى بىلەن يوشۇرۇن تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىغى تۇڭگانلارغا مەلۇم بولۇپ، ئۇلار تەييارلىقسىز قوزغىلاڭ باشلاۋېتىدۇ. لېكىن، بۇ قوزغىلاڭ ئىلدام باستۇرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ يولباشچىلىرى يەن - سىن ۋە فيتامۇدارغا ئاستۇرىلىدۇ. بۇ ۋاقىئەلەردىن كېيىن، تۇڭگان چوڭلىرىدىن ئاشۇر ئاخۇن، خەنجە ئاخۇن، ئىسمائىل ئاخۇن ۋە ياقۇپ ئاخۇنلار ئابدۇرەسۇل ھاكىمغا ياردەم سوراپ، مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئابدۇرەسۇل بەگ قازى نەسرىدىن ئاخۇنۇم ۋە باشقا چوڭلار بىلەن مەسلىھەت مەجلىسى قىلغاندا، نەسرىدىن ئاخۇنۇم ئابدۇرەسۇل بەگكە تۇڭگانلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئىسلام ئۈچۈن قوراللىق كۆرەش باشلاش، كېرەك دېگەن مەسلىھەتنى بېرىدۇ.

دیدی ای‌شیا عمرونك اولسون اوزون
تيخى دولىتينك هم عددن فزون
بوتونكانى لارغە مدام يار اولونك
كەعنقا مثاليجە دلدار اولونك

بۇ بيچارەلارغە نزحم قلينك
خدا نئريندە غازىلقنى آلينك
كە اكثر صوابلار غزات اوزرەدور
بودون دولتى غەكە بولمانك عرور
كەجهد قيلب تيز اسلام آچينك
كەتيغ برلە دوشمەن قانينى ساچيك[1])

بۇ مەسلىھەت مەجلىسىدە ئىشتراك قلغۇچىلار تۇڭگانلار بلەن برلىشش، ئازادلق ئۈچۈن قۇراللق كۈرەش باشلاش ھەققىدە بر فكرگە كيلىدۇ. شۇندن كيين ئيلى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلىرىنڭ قوراللق قوزغىلاڭى باشلىنىب كېتىدۇ.

عابدۇروسۇل بەگ تەييارلقنى چاپسان يۈرگۈزۈب، تاش ئۆستەڭ، ئارا ئۆستەڭ، ئۇلاستاي، داردامتۇ، كەتمەن، غالجات، خونۇخاي، توققۇز تارا ۋە باشقا ئۇيغۇر يېزىلىرىدن عەسكەر ئۇيۇشتۇرىدۇ. مانا شۇ ئۇيۇشتۇرۇلغان عەسكەرنڭ بر قسمى شيۋەلەرنڭ سومۇنلىرىغا، ئككنچى قسمى تيكەس تەرىفىدن كيلب مانجۇرلارغا ياردەم بيرشكە كرشكەن قالماقلارغا قارشى، ئۈچنچى قسمى مانجۇرلارنڭ كۈچلۈك قەلعيسى بولغان باياندايىنى ئيلشقا تەعينلىنىدۇ. ئاساسلق كۈچ باياندای قەلعيسىگە قارشى ھەرىكەت قلب، جەڭچيلەر تيز كۈننڭ ئچيدە باياندايىنى قورشاب ئالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۈرۈب، جاڭجۇڭ جاڭ قانداغ بولمىسۇن ئۇيغۇرلار بلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرسيدا بولغان برلكنى بۇزۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ. شۇ مەقسەد بلەن جاڭجۇڭ زنداندا ياتقان مەعزەم زاتنى بوشۇتۇب، ئۇنڭغا ئۇي-

[1]) موللابلال ئەسىرى، 13 بەت.



غۇرلار ئۇستىدىكى قوشۇمچە سيلقنى ئيلب تاشلاي،سىنڭ حاكملق مەنسىبىڭنى قايتۇرۇب بيرەي، ئۇيغۇرلار قوزغىلاڭنى توختاتسۇن، ئۇلار تۇڭگانلارغا قارشى ھەرىكەت قلسا، مەن ئۇلار ئۈچۈن كەڭ چيلك توغدۇرۇب بيرەي دەب، مەعزەم زاتقا مۇراجىعەت قلىدۇ:

ديدى اى بلام حاكمى باتميز
شيپەكا باريب آندا لەشكر آلينك
بۇ لەشكەر بلەن خويزدلارغا بارينك
كە تونكانى لارنى قيلنكلار هلاك
كە فرزندلارينى قيلنك دردناك[1])

جاڭجۇڭنڭ بۇ قلغان تەكلىفى مەعزەم زات ئۈچۈن فائيدىلق بولسىمۇ، ئۇ جاڭجۇڭنڭ بۇ تەكلىفىنى عەمەلگە ئاشۇرۇب چيدالمايدۇ، چۈنكى قوزغىلاڭ عومۇمى خەلق قوزغىلاڭى بولۇب كەتكەن ئيدى. مانا شۇنڭ ئۈچۈن مەعزەم زات قوزغىلاڭچيلار تەرىفىدە بولۇشقا مەجبۇر ئيدى.

قوزغىلاڭ كۈچىيىب كيتيشى بلەن چوڭلار مەجلس قلب، قوزغىلاڭنى ئيلب بيرش ئۈچۈن حوكۈمەت تەشكل قلش كيرەك ديگەن مەسلىھەتكە كيلىدۇ. بۇ مەسلىھەت بويىچە قازى نەسرىيتدن ئاخوننى قازى كالان، مەعزەم زاتنى سۇلتان، عابدۇروسۇل بەگنى ئەمير، موللا شاۋكەت ئاخوننى قازى عەسكەر، موللا روزى ئاخوننى موفتى قلب بەلگولەيدۇ.

ئيليدا بولغان بۇ ئازادلق قوزغىلاڭ ۋاختىدا چوڭلار ئوتتۇرسيدا مەنسەب فەرەسلك، دۈشمەنلك، بر-برسىنى كورەلمەسلك كۈچلۈك بولۇب، قوزغىلاڭ ناھايىتى سوزۇلۇب

[1]) موللا بلال ئەسىرى، 13 بەت.

كەتكەن ئىدى. بۇ قوزغىلاڭ ۋاقتىدا ئەخمەدخان دېگەن بىر خوجا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويغان مەقسىدى، ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز شەخسى مەنپەئەتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىدى.

سۇلتان مەئزەم زاتمۇ ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى قوغلاپ، قوزغىلاڭدا ياخشى ئىشتىراك قىلىپ كېلىۋاتقان ئابدۇرەسۇل بەگ بىلەن ئۇنىڭ قېيىنئاتىسى ئەخمەد غەزنىچى بەگنى قانداقلا بولمىسۇن يوق قىلىشنى ئويلاتتى. مانا بۇ قارا نىيەت پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مەئزەم زات ئەخمەدخان خوجا بىلەن يېقىن دوست بولۇپ، بىللە ھەرىكەت باشلايدۇ.

بۇ ھەقتە موللا بىلال شۇنداق دەيدۇ:

احمەدخان خوجام نى اولدم يانىغا الىب
دىدى خوجەغە يۈزتمن يالبارب
اخمد خزانەچى بەك مېنىڭ دۈشمىنم
انى كم ھلاك ايتسە اولدور جانم
نە بولغاى انىڭ كسانكىز باشىنى
ھلاك ايتسانكىز قوم يولداشىنى
انى قل ھلاك بر كە فرزندنى ھم
توشوب اولتورنك بلكە دلبندنى ھم
كەبولسام خان سىزنى قلاىوم شريك
بولورسز بو دولتدا بولسام تبرك
احمدخان بو سوزلار كاشىدا بولوب
بحكم خدا فتنە فىدا بولوب
اخمدخان يىغيپ لشكرى بىكران
ھلاك قىلغالى بەكنى بولدى روان [1])

---

[1]) موللابىلال ئەسىرى، 25 بەت.



بۇنىڭ نەتىجىسىدە قارانىيەت ئەخمەدخان خوجا ئەخمەد غەزنىچىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئابدۇرەسۇل بەك بۇ ۋەقەگە تولا خاپا بولىدۇ. لېكىن، ئەخمەد خان خوجىغا قارشى چارە قوللىنىش مۇمكىن بولمايدۇ.

مەئزەم زات بىلەن ئەحمەدخان خوجا ئەخمەد غەزنىچى بەگنى ئۆلتۈرۈش بىلەنلا قانائەتلەنمەيدۇ، بۇلار ئابدۇرەسۇل بەگنى، قازى نەسرىدىن ئاخۇننى، ئىسھاق بەگنى يوق قىلىش چارىلىرىغا كىرىشىدۇ.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپە — كۈچلۈك بولغان باياندای قەلئەسىنى ئېلىش ئىدى. مانا بۇ باياندای قەلئەسىنى ئېلىشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىسى سادىر پالۋان بولىدۇ. سادىر پالۋان بۇ ئازادلىق قوزغىلاڭغا ئاددى خەلق يولباشچىسى بولۇپ قاتنىشىدۇ. ئۇ باياندای قەلئەسىنىڭ قېلىن ۋە ئېگىز سېپىلىنى دورا كۈچى بىلەن پارتلىتىپ، ئومۇمى ھۇجۇم باشلاشقا شارائىت تۇغدۇرىدۇ. نەتىجىدە جەڭچىلەر باياندای قەلئەسىنى ئىگىلەيدۇ.

باياندای قەلئەسىنى ئېلىشتا ئومۇمى ھەربى رەھبەرلىك قىلغان كىشى ئەمىر ئابدۇرەسۇل بەك ئىدى. بۇ قەلئە ئېلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇرەسۇل بەگنىڭ ئابرويى كۆتۈرۈلدى، خەلق ئوتتۇرىسىدا چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە بولدى. بۇ ھەققە موللا بىلال شۇنداق يازىدۇ:

بهادير اناندى بو جنكدە امير
ندور كم امير شاه صاحب سر بر
اميردن ھمەنيك دلى بولدى شاد

دعا ايلادى تافتى غمدن نجات
ديدى بارجه آدم يور كلك امير
كه بزلار كه دايم كر كلك امير
كەعبدرسل بيك دايدوور دروست
دلى روست اوجون توتى خلق آنى دوست [1] )

ئەمير عابدۇروسۇل بەكنىڭ ئابرۇيلوق بولۇب كيتيشى سۇل-
تان مەعزەم زات ئۈچۈن قايغۇلۇق بر ئش ئيدى. چۈنكى
مەعزەم زات سۇلتانلقدن ئاجراب قيلشدن قورقاندى ۋە فەقەت
ئوزينڭ شەخسى مەنفيعيتينى ئويلاندى ئۇ قورغۇلاڭدا چوڭ
ئش كورسۇتيۋاتقان ۋە خەلق ئوتتۇرسيدا مۇحەببەتكە، حۇر-
مەتكە ئيگە بولغان ئەمير عابدۇروسۇل بەكنى يوق قلش چاري-
سينى ئزلەيدۇ. شۇ مەقسەد بلەن ئۇ هيلىقى ئەخمەد خان خوجيغا
عابدۇروسۇل بەكنى ۋە ئۇنڭ دوستى بولغان ئيسحاق بەكنى
يوق قلشنى تاپشۇريدۇ:

مح القصه سلتان كونى قلدى بزم
اميرنى شهيد ايلاماك بولدى جزم
اخمدخان خوجام نى يانيغا آلب
انى مال منصب كامغرور قيلب
ديديكم اميرنى هلاك انسانكيز
اسحاق بيكنى هم دردناك انسانكز
چريك خوف ايتب لام ديماس سنكا
كه غوغاسى ننيك عهده سيدور منكا [2] )

[1] — موللابلال ئەسيرى، 59 بەت.
[2]) موللا بلال ئەسيرى' 60 بەت.



ئەخمەد خان خوجا سۇلتاننىڭ بۇ تەكليفينى چن ديلى بلەن
قارشى ئيلب، ئۇنىڭغا: «عابدۇروسۇل بەكنى ئولتۇرۇش ئۈچۈن
ئۇنى قاريلايديغان يالغان بر حوججەت توغريلاش لازم، چۈن-
كى عابدۇروسۇل بەكنىڭ عەسكەرلەر ئوتتۇرسيدا ئابرويى
كۈچلۈك، بولمىسا، ئشيمز عەمەلگە ئاشمايدۇ» ــ ديدى.

ديدى خوجه اى پادشاه نيكنام
بولشكر قبلور بركا غوغاين عام
ديدى دانيال بيكمو موندا كلور
كەمانجوبەخط تهمت ايلاب قيلور
اميرنى چاقيب اوشبو خطنى آليب
كه ايلدن نهان يانجو قيغه ساليب
امير اولسه آندن چريكنى يغينك
امير يانجو قيدن بو خطنى آلينك
توروب دانيال بيك امير باشيدا
بو خطنى او قوغاى چريك قاشيدا
ايشيتكەن كشيلار بولوب بدكمان
تمامى ديكاى‌لار اميرىنى يمان [1] )

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار مانجۇر تلىدا يالغان بر حزججەت تەييار-
لاب، توھمەت، بلەن عابدۇرروسۇل بەكنى ئولتۇرۇشكە كريشي-
دۇ. بۇ ئشنى عەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئەخمەد خان خوجا ئوز ئۈسـ-
تيگە ئاليدۇ.

ئەخمەد خان خوجا ئوز شايكيليرى بلەن ئەمير ئابدۇروسۇل
بەكنىڭ چيديريغا بيرب، تۇيۇقسز ئۇنى ئولتۇرغان بيريلە خەن-

[1]) موللا بلال ئەسيرى' 61 بەت.

جەر سېلىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئەخمەدخان خوجا ئىسھاق بەكنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئابدۇرۇسۇل بەكنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولغان، خەلق ئارىسىدا ئىززەتلىك ھېسابلانغان قازى نەسرىددىن ئاخۇنۇمنى قازى كالانلىق مەنسىپىدىن ئېلىپ، زىندانغا سالىدۇ. مانا شۇنداغ قىلىپ، مەغرۇر زات بىلەن ئەخمەدخان خوجا ئۆزلىرىنىڭ خائىنلىق ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

بىر ئاز زامان ئۆتمەستىن غۇلجىدا پوچى مەخمۇد («قىيرى خوجا») دېگەن زات پەيدا بولىدۇ. بۇ زات ئۆزىنى خوجامىلار نەسلىدىن قىلىپ كۆرسىتىدۇ. نادان خەلق بۇنى «خوجا» دەپ ئىشىنىدۇ، ۋە ئۇنىڭغا نەزىر-چىراقلارنى بېرىدۇ. مەخمۇد ئۆزىنىڭ ياغاچتىن زەمبىرەك ياسايدىغانلىقىنى خەلققە جاكا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى مەقسىدى-چوڭ مەنسەپ ئورنىغا ئىگە بولۇش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىرىنچى نۆۋەتتە ياغاچتىن زەمبىرەك (پو) ياساپ، بولۇۋاتقان جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا خەلق «پوچى مەخمۇد» دېگەن لەقەم بېرىدۇ. نەتىجىدە ئۇ، ئۆزىنىڭ ئوپ-چۆرىسىگە بىر قانچە ئادەملەرنى توپلايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ياسىغان زەمبىرەكلىرى بىر قېتىم ئېتىش بىلەنلا كۆيۈپ كېتىدۇ، مەخمۇد بۇنىڭ بىلەن كۆزلىگەن مەقسىدىگە يېتىشكە مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، باشقا چارە ئىزدەيدۇ، ئۇ زىنداندا ياتقان قازى نەسرىددىن ئاخۇننى بوشىتىۋېلىشقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ نەسرىددىن ئاخۇنۇمنى زىنداندىن بوشىتىشتىكى مەقسىدى — ئۇنىڭ ئابرويى بىلەن خەلقنى ئۆزىگە قارىتىپ، چوڭ مەنسەپكە — سۇلتانلىققا ئىگە بولۇش ئىدى.

موللا بىلال پوچى مەخمۇدنىڭ بۇ مەقسىدىنى شۇنداغ ئىزھار قىلىدۇ:



خيالىدا دير آنى، قيلسام خلاس
عقيدات زبانين سورار بز كاقاس
بو آخونلوغوم قولغه كلمەك همان
مينى پادشاه قيلسا يوقتور كمان [1])

پوچى مەخمۇد ئۆز ئادەملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن نەسرىددىن ئاخۇنۇمنى زىنداندىن چىقىرىپ ئالىدۇ.

سۇلتان مەغرۇر زات پوچى مەخمۇدنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولۇپ، نەسرىددىن ئاخۇنۇمنى يوق قىلىش چارىسىغا كىرىشىدۇ. شۇ ئوتتۇردا ئەخمەدخان خوجا پوچى مەخمۇد بىلەن ئالاقە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىدۇ. سۇلتان نەسرىددىن ئاخۇنۇمنى ئۆلتۈرۈشنىڭ پەيتىدە بولسا، پوچى مەخمۇد بىلەن ئەخمەد خوجام سۇلتاننى ئۆلتۈرۈپ سۇلتانلىقنى قولغا ئېلىش پەيتىدە بولىدۇ.

نەتىجىدە سۇلتان نەسرىددىن ئاخۇنۇمنى ئۆلتەرگىزىدۇ. پوچى مەخمۇد بىلەن ئەخمەدخان خوجا بولسا سۇلتاننى ئۆلتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پوچى مەخمۇد ئۆزىنى-ئۆزى «سۇلتان» دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنداغ قىلىپ «قىيرى خوجا» نىڭ سۇلتانلىقى باشلىنىدۇ، لېكىن، پوچى مەخمۇد ۋە ئەخمەدخان خوجا ئۆزلىرىنىڭ شەخسى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشلىرى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ قارا نىيەتلىك بولۇشى كۆپچىلىك خەلققە ئوچۇق مەلۇم بولدى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ دەۋرنىڭ ئابرويلۇق ئادەملىرىدىن بولغان شەمسىددىن خەلپەم يولباشچىلىقى بىلەن بۇلارغا قارشى كۆرەش باشلىنىدۇ. كۆرەشكە چوڭ كۈچ چاقىرغانلار ئارا ئۆستەڭلىكلەر بولۇپ،

[1]) موللا بىلال ئەسىرى، 87 ت.

ئۇلار 36 كۈن «سۇلتان» بولغان پوچى مەخمۇدنى سۇلتانلىقتىن چۈشۈرىدۇ. پوچى مەخمۇدكە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. ئەخمەدخان خوجا بولسا، بۇ جازادىن سۈيدۈنگە قېچىپ قۇتۇلىدۇ.

پوچى مەخمۇدنىڭ «سۇلتانلىقى» يوق قىلىنغاندىن كېيىن، موللا شاۋكەت ئاخۇن سۇلتان، ئەئلا پالۋان (ئەئلاخان) ئەمىر بولۇب تەيىنلىنىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاب، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدا مانجۇلارنىڭ ئىككىنچى كۈچلۈك قەلئەسى — كۈرەنى ئېلىشقا كىرىشىدۇ. كۈرەنى ئېلىشتا ئومۇمى ھەربى يولباشچىلىقنى ئەمىر ئەئلاخان ئېلىب بارىدۇ. لېكىن، كۈرەنىمۇ تېز ئالالمايدۇ. كۈرەنى ئېلىش يەنە خەلق قەھرىمانى سادىر پالۋانغا تاپشۇرۇلىدۇ. سادىر پالۋان كۈرە قەلئەسىنىڭ سېپىلى ئاستىدىن ئۇزۇن ئۆڭكۈر كولاب، ئۇنىڭغا دورا قويۇب، سېپىلنى ئاغدۇرۇب تاشلايدۇ. مانا شۇنىڭ نەتىجىسىدە كۈرە قەلئەسى تەسلىم بولىدۇ. كۈرە قەلئەسى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، ئەئلا خاننىڭ خەلق ئوتتۇرىسىدا ئابرويى كۆتۈرىلىدۇ. سۇلتان شاۋكەت ئاخۇن قانداقلا بولمىسۇن ئەئلا خاننى ئىشتىن بوشۇتۇش چارىسىغا كىرىشىدۇ. ئۆز مەنسىپىدىن — سۇلتانلىقتىن ئاجراب قېلىشقا ئۇنىڭ كۆزى يەتمەيتتى، چۈنكى ئەمىر ئەئلا خانغا قارىغاندا، تەدبىرسىز ئادەم ئىدى ۋە ئۇنىڭ خەلق ئوتتۇرىسىدا ھۆرمىتى ئاز ئىدى. لېكىن، شاۋكەت ئاخۇن ئەمىر ئەئلا خاننى ئىشتىن بوشۇتۇش ئۈچۈن ھېچ قانداق سەبەب تاپالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنى ئەمىرلىك مەنسىپىدىن بوشۇتۇب تاشلىدى. كۆپچىلىك خەلق بۇنىڭغا ھەيران بولدى. خەلقنىڭ ئابرويلۇق، ھۆرمەتلىك ئادەملىرى شاۋكەت ئاخۇندىن — ئەئلا خاننىڭ ئەمىرلىك مەنسىپىنى قايتۇرۇلۇب



بېرىلسۇن — دەب تەلەب قىلدى. سۇلتان بۇنىڭغا كۆنمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپچىلىك خەلق «شاۋكەت ئاخۇن سۇلتانلىقتىن چۈشسۇن، بىز ئەئلا خاننى سۇلتان قىلىب كۆتەردۇق» دەب جاكالىدى. شاۋكەت ئاخۇن كۆپچىلىك خەلققە قارشى تۇرالمىدى، سۇلتانلىقتىن چۈشتى. ئەئلا خان ئىلىغا سۇلتان بولۇب كۆتۈرۈلدى.

* * *

ئازادلىق قوزغىلاڭ تامام بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر ۋاقىتتا، تۇڭگانلارنىڭ يولباشچىسى ياگۇر ئاخۇن، ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان خەلقلىرىنىڭ بىرلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇ سۇلتانلىقنى تالىشىب، ئۇنى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەتتە ئەخمەد خان خوجا بىلەن شاۋكەت ئاخۇن قوشۇلۇب، تۇڭگانلارنى ئەئلاخاننىڭ سۇلتانلىقىغا قارشى ئۇرۇش باشلاشقا چاقىرىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئەمىرلىك مەنسىپىگە رازى بولماي، سۇلتانلىقنى تەلەب قىلىب يۈرگەن ئەمىر توختى ئاخۇن ھېلىقى خائىنلار تەرىپىگە ئۆتۈب كېتىدۇ. ياگۇر ئاخۇننىڭ مەنسەب پەرەستلىكى، ئەخمەدخان خوجا، شاۋكەت ئاخۇن ۋە توختى ئاخۇنلارنىڭ خائىنلىق ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىب كېتىدۇ. لېكىن ئاز سانغا ئىگە بولغان تۇڭگانلار بۇ ئۇرۇشتا يېڭىلىدۇ، ياگۇر ئاخۇن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ سەۋەبچىلىرى بولغان ئەخمەد خان خوجا، شاۋكەت ئاخۇن ۋە توختى ئاخۇن قولغا چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ خائىنلارغا تېگىشلىك جازالار بېرىلىدۇ. ئەخمەد خان خوجا بىلەن توختى ئاخۇنغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. شاۋكەت ئاخۇننى

بولسا قاپقا سیلب، تورك ئیلی دەریاسیغا تاشلایدۇ. خائینلار-
غا هەر قاچان شۇنداغ ئولۇم!. موللا بلال بۇ ۋەقیەنی شۇنداغ
یازیدۇ:

ئەمەدخان ایردی اهلی سعید
انی کیلتوروب سایدا قیلدی شهید
تۇتوب شوکت آخون نی کلتوردی تیز
قیلب بند زیندان آرا آنی نیز
نچه کوب سولاب بو بلا قعری‌غه
تغارغه سولاپ تاشلادی بحریکا
امیرنی توتوپان شهید ایلادی
جهاندن آنی نابدید ایلادی.
بوقسمی ایکان یارچسیفه قضا
ندور چاره بولمای قضاغه رضا [1]

. . . . . . . . . . . . . . . .

ئازادلق کۆرەش دەۋرىدە مەنسەپپەرەست ۋە بۇز-
غۇچىلارنىڭ قىلغان خائىنلىق ھەرىكەتلىرىگە ناھايىتى قارشى
بولدى ۋە كۆرەشنىڭ تا ئاخىرىغىچە ئۇ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ھە-
رىكەت قىلدى. موللا بلال ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە خائىنلارنىڭ بۇ-
زۇقچىلىقىنى، بىرلىكنىڭ يوقلىقىنى، خەلق ۋە ۋەتەن ئۈچۈن ناھايىتى
زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، بىرلىكنى ياقلايدۇ، خائىنلار-
نى قاتتىق سۆكىدۇ:

که دوشمن هر طرا فمیزدا توروب
توکانور ایکان بر برن اولتوروب

[1] موللا بلال ئەسىرى، 153 بەت.



که مؤمن مسلمان قانینی توکار
کەشك یوق بو یورت ایلکیمیزدن کتار

. . . . . . . . . . . . . . . .

اۋلۇغلار دلیدا بورولدی نیت
که آری بۇزۇق دل دا یوق خاصیت.

. . . . . . . . . . . . . . . .

1864 یلی بولغان ئازادلق قوزغۇلاڭدا مەنسەپپەرەستلك، خائینلق چوڭلار — مەنسەبدارلار تەرىفیدن بولدی. کوپچیلك خەلق بولسا، ئازادلق کۆرەشنی تا ئاخریغیچە ئیلب باردی، خائینلارنڭ تیگشلك جازالیرینی بەردی. مانا شۇنڭ ئۇچۇن ئازادلق قوزغۇلاڭ ئیلیدا یێڭب چقدی. 1867-یلدن باشلاب، ئیلی ئۇیغۇرلیرینڭ مۇستەقل سۇلتانلیغی ئورناشدی. ئیلدا بولغان ئازادلق قوزغۇلاڭنڭ یێڭب چقیشیغا ئێککنچی بر سەۋەب: بۇ قوزغۇلاڭغا ئیزلگەن خەلقلەرنڭ برلکدە حەریکەت قلیشیدۇر. بۇ قوزغۇلاڭغا ئۇیغۇرلار، تۇڭگانلار ۋە باشقا خەلقلەر قاتناشدی. بۇلار ئوتتۇرسیدا برلك بولمیغاندا، قوزغۇلاڭنڭ یێڭب چقیشی مۇمکین ئەمەس ئیدی. شاعیر موللا بلال بر قانچە ئەدەبی ئەسەرلەرنی یێزب قالدۇردی: «غزات در ملك چن»، «نوزۇگوم»، «چاڭ مۇزا یۇسۇف خانە» ۋە باشقیلار. ئۇ تۇرمۇشدن چەتدە تۇرغان شاعیرلاردن بولمای، ئۇیغۇر خەلقینڭ ۋەتەنپەرۋەر شاعیریدۇر. ئۇنڭ ئۇچۇن ئەڭ قەدیرلك موقەددەس نەرسە — ۋەتەن، ۋەتەننڭ ئازادلیغی ۋە موستەقیللیگی!.

ئۇیغۇر خەلقی ئولوغ ۋەتەنپەرۋەر شاعیرینی مەڭگۇ ئەسدن چقارمایدۇ.

---

ئۇيغۇر ئوغلى.

# چوقان ۋەلىخانوف — ئۇيغۇرلار ھەققىدە

ئاۋروپا ئالىملىرىنىڭ ئىچىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ، بولۇپمۇ
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XIX نچى ئەسىر گىچە بولغان تارىخىنى دەسلە-
لاپ كەڭ رەۋىشتە ئىلىم دۇنياسىغا تونۇتقان كىشى — چوقان چىڭغىز
ئوغلى ۋەلىخانوف بولدى.
قازاق خەلقىدىن چىققان بۇ سەييا‌ھ، ئالىم ۋە مۇتەفەككۇر
چىن مەنىسىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى توغرۇلۇق تولىمۇ
قىممەتلىك ئەسەر يېزىپ قالدۇردى. ئۇنىڭ «1858 — 1859 نچى
يىللاردىكى ئالتى شەھەرنىڭ ئەھۋالى»، «جۇنغارىيە تارىخى» ھەم
«قەشقەرىيەنىڭ تەسۋىرى» دىگەن ئەسەرلىرى مۇشۇ كۈنگىچە
ئىلمى قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. شۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق چوقان
زامانىدىكى رۇس ۋە غەربى ئاۋروپا ئالىملىرى ئىچىدە شوھرەت
قازاندى. شۇڭلاشقا چوقاننى «قەشقەرىيەنى — ئاۋروپا ئىلمى ئۈ-
چۈن ئاچقان كىشى» دەپ يۈرۈتىشى ئەينە شۇنىڭدىن.
چوقان چىڭغىز ئوغلى ۋەلىخانوف قازاقىستاننىڭ ھازىرقى كۆك-
چەتاۋ ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى قازاق خەلقىنىڭ تارىخىدىكى
ئاتاقلىق ئابلاي خاننىڭ نەۋرىسى بولغان. چوقان كىچىكىدىن ئومسـ-



كىدا رۇسچە ئوقۇپ، ئاۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ روھىدا تەربىيە ئال-
غان. 1853 نچى يىلى مەكتەپنى ئۈگەتكەندىن كىيىن، ئوفىتسىرلىق
دەرىجىسىنى ئېلىپ، بىر تەرەپتىن رەسمى خىزمىتىنى ئوتەشكە
كىرىشكەن بولسا، ئىككىنچى تەرەپتىن كۆپچىلىك ۋاقتىنى ئىلىم-
پەنگە سەرپ قىلىشقا باشلايدۇ، مەركىزى ئازىيە خەلقلىرىنىڭ
تارىخى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. مۇشۇ يولدا بۈيۈك رۇس خەل-
قىنىڭ ھۆر پىكىرلىك ئالىملىرى، يازغۇچى-شائىرلىرى بىلەن تو-
نۇشىدۇ. ئومسكىدا سۈرگۈندە يۈرگەن ئىنقىلابچى خەلقپەرۋەر-
لەر بىلەن دوستلۇق ئالاقە تۇتىدۇ. نىتىجىدە شۇلاردىن ئالغان
تەئسىرات، كۆرگەن تەجرىبە، يەم-پاراسەتلىك چوقانغا چوڭ
تەئسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوي-پىكرى كېڭىيىپ، ئوز خەلقىغە
خىزمەت قىلىش دىگەن ئىخلاس كۈچىيىدۇ. چوقان ئوقۇشنى تو-
گۈتۈپ، ئارىدا 4 — 5 يىللار ئۆتكەندىن كىيىن، 1858 نچى يىلى
قەشقەرىيەگە بارىدۇ. بېرىشتىن مەقسەد: مەركىزى ئازىيەنىڭ
قىدىمى خەلقلىرىدىن بولغان — ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى يېقىندىن
ئۈگىنىش ئىدى. ھەقىقەتەن چوقان ئىلىم-پەنگە چوڭ خىزمەتلەر
قىلىپ قايتىدى. ئۇنىڭ شەرقى تۈركىستان تارىخى توغرۇلۇق
يازغان ئىلمى ۋە تارىخى ئەسەرلىرى چوقاندىن كىيىن شەرقى تۈر-
كىستاننى تەكشۈرگەن رۇس ھەم غەربى ئاۋروپا ئالىملىرى ئۈ-
چۈن چوڭ ئىلمى قوللانما بولۇپ خىزمەت ئەتتى.
چوقان ئالتى شەھەردە 5 ئاي، غۇلجىدا 3 ئاي بولدى. مۇشۇ
قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۇ تۈرغۈن يىللىق ئىجادى ئىشلارنى مەي-
دانغا ئاتتى. شەرقى تۈركىستاننىڭ سىياسى، ئىقتىسادى جۇغرافى
مەسىلىلىرىگە دائىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ

تل-ئەدەبىيات ھەم ئۆرپ-ئادەتلىرىگە باغلىق قىممەتلىك ھۆججەت-
لەرنى يىغىپ توپلىدى.
چوقان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگۈنۈشكە باشلاپ، ئۇيغۇرچە قوش
سۆزلەرنىڭ لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇھەممەد
ھەيدەر، ئابدۇل رەشىد ئوخشاش شەرق مۇئەررىخلىرىنىڭ
ئەسەرلىرىنى مۇتەلىئە قىلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە «تەزكىرەئى
جاھان»، «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان»، «تەزكىرەئى
تۇغلۇق تۆمۈرخان» ۋە «رىشاھەت» ئوخشاش تارىخى قول ياز-
مىلارنى ئېلىپ چىقتى. چوقان ئۆزىگە كېرەكلىك تارىخى ھۆج-
جەتلەرنى يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن، ئۆلىما-ئاخۇنلاردىن ھەم مىللى
ئازادلىق كۆرەشلەرگە قاتناشقان قەشقەر خەلقىدىن سوراشتۇرۇپ
بىلدى. سىياسى ھەم مىللى جەھەتتىن ئېزىلمەكتە بولغان خەلق-
لەرنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرى بىلەن يېقىندىن ئالاقە باغلاش، چو-
چوقاننىڭ دېموكراتىك نەزەرىيىنى چېكىتىشقا تېخىمۇ مۇمكىنچىلىك
بەردى. لېكىن، بەختىگە قارشى چوقاننىڭ بۇ ئەسەرلىرى تولۇق
رەۋىشدە مەتبۇئات يۈزىنى كۆرەلمىدى. ۋاقىتسىز ئۆلۈم ئۇنى ئىجادى
كەشفىياتتىن مەھرۇم ئەتتى. خۇسۇسەن چوقاننىڭ غۇلجىدا بول-
غان دەۋرىدىكى خاتىرە دەپتەرلىرى، ئۇيغۇر ۋە باشقا يەرلىك
خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى توغرۇلۇق يېقىنقى ئەھمىيەتلىك
ھۆججەتلىرى ۋاقتىدا مەتبۇئات يۈزىگە چىقىپ ئۈلگۈرەلمىدى.
ھازىر مەزكۇر ھۆججەتلەرنى خەلق ئېھتىياجىغا يارىتىش مەسىلى-
لىسىنى ئىلمى جايلىرىمىز ياخشىلىۋاشتىن قولغا ئالماقتا.
چوقان ئۆزىنىڭ ئاساسى ئىلمى ئەسەرلىرىدىن بولغان «1858—
1859 نچى يىللاردىكى ئالتى شەھەرنىڭ ئەھۋالى» دېگەن ئەمگى-



گىدە شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ جۇغراپى شارائىتىگە قىسقىچە
توختۇلۇپ، ئاندىن تۆۋەندىكى دەۋرلەرگە تەھلىل بېرىپ ئۆتىدۇ:
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دەۋرىگىچە بولغان سىياسى تارىخىنىڭ تەپ-
سىلى، شەرقى تۈركىستاندىكى بۇد پەرەستلىك دەۋرى، شەرقى
تۈركىستانغا ئەرەبلەرنىڭ كېلىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەيدابولىشى—
ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دېگەن ئىككى مەھەللى گۇرۇھبازلىقنىڭ
كېلىپ چىقىشى، بۇ گۇرۇھ تەرەپدارلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئۈچۈن
يۈرگۈزگەن ماجرالىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەرقى تۈركىستاننى
مانجۇر خانلىقىنىڭ ئىستىلا قىلىپ ئېلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي—
مانجۇر ئىستىبداتىغا قارشى كۆرەش ھەرىكەتلىرىنى كۆرسۈ-
تىدۇ.
چوقان قەشقەر خەلقىنىڭ سىياسى تەرەققىيات بولىدىكى
ئوسۇش شارائىتىنى ئېنىق كېلىپ، ئالتى شەھەر خەلقىنىڭ تارى-
خىدا بولغان دىنى تالاش-تارتىشلار شەرقى تۈركىستاننىڭ سىياسى
ھەم ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا چوڭ ئورۇن تۇتقانلىقىنى تەئكىدلەپ
ئۆتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخى ئەسەرلىرىدە بۇ مەسىلى-
لىگە كەڭ ئورۇن بېرىدۇ.
XV نچى ئەسرنىڭ باشلىرىدا قەشقەرگە بۇخارادىن مەھدۇم-
ئەئزام دېگەن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ بىرى كېلىپ كىرىدۇ. بۇ زات
قەشقەردە چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. مەھدۇم ئەئزەمدىن
كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى—ئىمامى كالان بىلەن ئىسھاق ۋەلى
شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنى باشچىلىرى بولۇپ
قالىدۇ. ئىمامى كالان بىلەن ئىسھاق ۋەلى نىڭ ئۆز ئالدىغا تەرەپ-
دارلىرى بولۇپ، بارا-بارا بۇلار ئىككى پارتىيە بولۇپ ئايرى-

لىدۇ. نەتىجىدە، ئىمامى كالاننىڭ تەرەپدارلىرى — «ئاق تاغلىقلار»، ئىسھاق ۋەلىنىڭ تەرەپدارلىرى — «قارا تاغلىقلار» دېگەن نامغا بولۇنۇپ، ئىككى ئوتتۇردا مەسلەكسىز تالاش-تارتىشلار كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى چوڭ غوغالارغا ئايلىنىپ، ئالتە شەھەر بويىچە قانلىق توقۇنۇشلار باشلىنىدۇ. مەسىلە ئۇششاق دىنىي كۆز قاراشتىن، ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ ئېلىش ئوخشاش سىياسى كۈرەشكە ئايلىنىدۇ. بۇ توختاۋسىز قانلىق توقۇنۇشلار نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى ھەم تاشقى ۋەزىيىتى ئاجىزلىنىپ، 1758 نچى يىلى خىتايلارنىڭ ئىستىلا قىلىپ ئېلىشىغا ئوڭاي زەمىن تۇغۇلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى خوجا ئەۋلادلىرى قوقان خانلىقى قول ئاستىغا قېچىپ ئۆتسىمۇ، لېكىن شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئالاقىنى ئۈزمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئېتىقادىنى ئوبدان بىلەتتى. خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ خەلق ئىچىدىكى شۇنداغ تەسىرىدىن ھەزەر ئەيلىگەن مانجۇر خانلىقى بىلەن ئالاھىدە شەرت ياساپ، خوجا ئەۋلادلىرىنى دائىم تەفتىش ئاستىدا تۇتۇشقا دېگەن قارارغا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مانجۇر خانلىقى قوقانلىقلارغا مەلۇم مولچەردە ئاقچا تۆلەپ تۇرىدۇ ھەم شەرقىي تۈركىستاننىڭ بازارلىرىدا قوقانلىقلار ئۈچۈن سودا-سېتىق ئىشلىرىنى ماڭغۇزۇشقا كەڭ ئىمكانىيەت بېرىدۇ. مانجۇر خانلىقىنىڭ مەزكۇر چارە-تەدبىرلىرىگە قارىماستىن، يەرلىك خەلقنىڭ ئىستىبداتقا قارشى قوزغىلاڭچى بولۇپ تۇرىدۇ.

مانجۇر خانلىقى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىپ ئالغاندىن كېيىن، غەربكە قاراپ ئاياق باسماقچى بولسىمۇ، لېكىن، بۇ سىياسىتىنى



تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. سەۋەبى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خارجى ھەم داخىلى ۋەزىيىتى بۇنىڭغا يار بەرمىدى. توختاۋسىز بولۇپ تۇرغان خەلق قوزغىلاڭلىرى مانجۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قۇدرىتىنى خېلىلا ئاجىزلاتتى. مەسىلەن، 1825 — 1827 نچى يىللىرى جاھانگىر خوجام باشلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىلغان قوزغىلاڭى بۇنىڭغا دەلىل.

بۇ توغرۇلۇق چوقان مانداغ دەپ يازىدۇ: «جاھانگىر خوجانىڭ قوزغىلاڭىدىن كېيىن، شۇنىڭغىچە ئاز بىر خەلقىنىڭ ئالدىدا يېڭىلمەس كۈچ بولۇپ كەلگەن مانجۇرلارنىڭ كارامىتى ئاشكارە بولۇپ قالدى. قەشقەر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ روھى ئۆسۈپ ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىكىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا يېڭىدىن-يېڭى ئىشەنچ پەيدا قىلدى» جاھانگىر خوجانىڭ قوزغىلاڭىدىن كېيىن، قوقان خانلىقى بىلەن ئىككى ئارىدىكى شەرت بۇزۇلۇپ، قوقانلىقلار شەرقىي تۈركىستاندىكى مەنپەئەتىدىن ئايرىلىپ قالدى. قەشقەر خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق يولىدىكى ھەرىكەتلىرىدىن پايدىلانغان قوقان خىنى مەدەلى خان، جاھانگىر خوجانىڭ ئاكىسى — مەدىيۇسۇپنى خان تىكلەش مەقسىتى بىلەن، 1830 نچى يىلى مانجۇرلارغا قارشى «غازاۋات». ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭدا قوزغىلاڭچىلار غالىب كېلىپ، مانجۇرلار ھالاكەتكە ئۇچرىدى. لېكىن شۇ چاغدىكى بۇخارا ھەم قوقان خانلىقىنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتچىلىك ھەم ئۈستىدىن ئېغىرچىلىق چۈشمىگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قوقان ھاكىمىيىتىگە سەمىمىي ئىتائەت قىلمىغانلىقى نەتىجىسىدە قوقان خانلىقى مانجۇرلار بىلەن يەنە پۈتۈمگە كەلدى.

1846 نچى يىلى قوقاندا باشلانغان ئىچكى غوغادىن پايدىلانغان

خوجا ئەۋلادلىرى 1847 نچى يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى ئىگىلەپ ئالدى. بۇ ماجرانى شەرقى تۈركىستان تارىخىدا «يەتتە خوجامنىڭ پىغىبلىغى» دەپ ئاتايدۇ. لېكىن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكمى ئۇزاققا بارمىدى. سەۋەبى، خوجا ئەۋلادلىرى يەرلىك خەلققە يات بىيسىنىڭ ئورنىغا، ئۆزلىرىنىڭ شەخسى فەرەستلىك نىيەتلىرى بىلەن بولۇپ، ھالاكەتكە ئۇچرىدى.

چوقان شەرقى تۈركىستاننىڭ ئۆتكەن دەۋرىدىكى تارىخىنى شۇنداغ تەسۋىرلەش بىلەن بىللە، 1857 نچى يىل ۋاقىيەسىنىمۇ تولۇق قىلىپ تەسۋىرلەپ ئۆتتۈدۇ.

چوقان ئۆزىنىڭ علمى، تارىخى ئەسەرلىرىدە شەرقى تۈركىستاندىكى سىياسى، ئىجتىمائى ھەرىكەتلەرنىڭ دىنى ھەرىكەتلەر بىلەن چىڭ باغلىق ئىكەنلىگىنى تولۇق ئىسپاتلاپ ئۆتىدۇ. لېكىن شۇنى ئەسدىن چىقارماسلىق كېرەككى، چوقان شەرقى تۈركىستاننىڭ شۇ زامانلاردىكى سىياسى تۇرمۇشىدا خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ تۇتقان يولباشچىلىق ئورنىنى كۆرسەتكەندە، بۇ مەسئىلىنى قوزغولاڭنىڭ ئەساسى كۈچى بولغان كوپچىلىك خەلقتىن ئايرىپ كورسەتمەيدۇ، ئەكسىچە: خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەش يولىدىكى ھەرىكىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇر ئىستىبداتىدىن قۇتۇلۇش يولىدا باشلىغان مىللى ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن توغرى كېلىپ قالدى، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

چوقان ئۆزىنىڭ قەشقەر سەياھىتىدىن كېيىن، يازغان ماقالىلىرىدا ۋە رەسمى ھۆججەتلەردە شەرقى تۈركىستاندىكى تارىخى ۋاقىئەلەرنى ئەينە شۇنداغ تەھلىل قىلىپ چىقىدۇ. ئۇ شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ قوزغولاڭلىرىنى ئۆز-ئارا «غوغا» ئەمەس، بەلكى



ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئەزگۈچى ھاكىم مىللەتلەرگە قارشى ھەقىقى ئازادلىق چېلىشى دەپ ئىسپات قىلدى.

چوقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسى مۇستەقىللىك يولىدا ئېلىپ بارغان ئازادلىق چېلىشىغا يان باسدى، شۇڭلاشقا ئۇ: «قەشقەر خەلقىنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى — ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىگىدە» دەپ يازدى.

چوقان 1864 نچى يىلى يازغان بىر ماقالىسىدا يەنە مانداغ دەيدۇ: «قانداقلا دەرىجىدە بولمىسۇن، ھەر بىر خەلقنىڭ ئۆز يولىدا تەرەققى ئېتىشى ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسە: مۇستەقىللىك، ئۆزىنى-ئۆزى ھىمايە قىلىش، ئۆزىنى-ئۆزى ئىدارە قىلىش ۋە ھاكازالارە.

بۇ ئېيتىلغانلاردىن چوقان ۋەلىخانوفنىڭ شۇ زامانلاردا نە قاتارلىق ھۆر فىكرلىك خەلقپەرۋەر ئىكەنلىگىنى ئوچۇق كورۇشكە بولىدۇ. چوقانچە ئېيتقاندا: خەلق ئۆز تۇرمۇشىغا ئۆزى ئىگە، ئۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش كېرەك. خەلقنىڭ مۇشۇ ئازادە ھەرىكىتىگە چەتتىن ھېچ كىم قول سوقماسلىقى كېرەك. خەلق ئۆز ئالدىغا تەرەققى ئېتىش، ئۆزىنى-ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئەگەردە كىمدە-كىم خەلقنىڭ مۇشۇ ھوقۇقىغا ۋە مۇستەقىللىگىگە قول سوقۇدىكەن، ئۇ چاغدا ئۆزىنى-ئۆزى ھىمايە قىلىشقا، يەئنى، قول سوققۇچىلارغا قارشى تۇرۇشقا ھەققى بار. بۇنىڭدىن مەئلۇمكى، چوقان ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەقىل تەرەققى ئېتىشى ئۈچۈن مىللى ئېزىلىشلەرنىڭ قايسى شەكلىگە بولمىسۇن قارشى چېلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىگىنى ئىسپات قىلىدۇ. مۇئەررىخنىڭ بۇ فىكرىنى ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللى ئازادلىق يولى-

ىدىكى كۆرمىش ھەرىكەتلىرى توغرۇلۇق يازغان ئەسەرلىرىدىـ
ىمۇ ئۇچرۇق كورىمىز.
قسقىسى، چوقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ رۇھانى كۈچىگە، جىسـ
مانى غەيرىتىگە تولۇق ئىشەنگەن ئادەم. ئۇنىڭ ھەقىقى دوستلۇق
ۋە سەمىمى مۇھەببەت باغلاپ ئېيتقان سوزلىرى ئۇيغۇرلارـ
نىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا چوڭ ئۇمىدلەر حاسل قلىدۇ. ئۇيـ
غۇر «خەلقى، — دەيدۇ ئۇ بر ماقالىسىدا — ئېزىلگەن خەلق، دائىما
باش كوتەرمەي ئشلىگىنى ئشلىگەن. ئەگەردە شەرقى تۈركسـ
تانلقلار ئوز كۈچىنىڭ ھالاۋىتىنى ئوزى كورەلىسە ئىدى،
ئۇ چاغدا ئلگىركى زامانلاردا قانداغ باي مللەت بولغان بولـ
سا، حازىرمۇ شەرق خەلقلىرى ئچىدە شۇنداغ باي خەلقلەرنىڭ
برسى بولار ئىدى». ليكن دەيدۇ يەنە بر ماقالىسىدا: «بۇ يەرـ
نىڭ جاڭجۇڭى ئۇچ قرلق پادشاھقا ئوخشاش ئىكەن. ئۇنىڭ
يىمەك، ئچمىگى خەلقنىڭ بوينىدا. قاسساب گوش توشۇپ بەرـ
سە، ماشىنىچى كيىم تىكىۋاتقان، ياغاچچى ئوى سىلىۋاتقان.
جىنايەت ديگەننىڭمۇ ھەددى-حيسابى يوق. پاراخورلققا كەلگەنـ
دە خىتايلار ئيران شاھىدىنمۇ ئىشىپ چۇشىدىكەن». ئومۇمەن،
«شەرقى تۈركستاندىكى ئەمگەكچى خەلق — دەپ، يازىدۇ چوـ
قان، — ئىچىنارلق بر ئەحۋالدا ياشايدۇ. بۇلار ئاچكوز مانجۇر
مەنسەبدارلىرى بلەن بەگلەرنى تويدۇريمەن دەپ، ئاچ-توق
قىلشىغا قارىماي ئەمگەك قلىدۇ، ئشلەپ عازاب چىكىدۇ».
ئۇيغۇر خەلقى نۇرغۇن عەسرلەر شۇنداغ ئېغر عازاب ۋە
مللى تەڭسزلك ئچىدە كۈن كەچۈرۈپ كەلسىمۇ، ليكن ئوزىـ
نىڭ مللى خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمىدى، خۇلقى-مۇجەزىدىكى خاسيـ



يەتلىرىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇ خاسىيەتلەر چوقاننىڭ تەعبىرى
بلەن ئېيتقاندا: «خۇش چىراي، مېھمان دوست، ئىشلەمچان خەـ
لق» ئىكەنلىگىدە. شۇنىڭ بلەن بللە، چوقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئوـ
يۇن-كۈلكىگە ھەۋەس خۇش-چاقچاق خەلق ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ
كىلىپ: «شەرقى توركستان ئۇيغۇرلىرى ئەن — نەغمە جەھەتىدىن
بۇتۇن ئوتتۇرا ئازىيە خەلقلىرىنىڭ ئچىدە ئالاھىدە حورمەتكە
ئىگە» دەيدۇ. حەقىقەتتە، چوقان شەرقى تۈركستانغا بېرىشىدىن
فائىدىلىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تل-ئەدەبىياتى، ناخشا قوشاقلىرى
بلەن يېقىندىن تونۇشىدى. ئۇ «جۇنغارىيە تارىخى» ديگەن كىتابىدا:
«مەن قەشقەرگە بارغىنمدا ئۇيغۇر تلىنى ئۆگىنىشكە كرشتىم...
مەن ئۇيغۇر جانلق تىلىنىڭ قوش سوزلىرىنىڭ لوغىتىنى تۈزەپ
چقتىم ھەم نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرىنى يىغىپ ئالدىم» دەپ يازىدۇ.
چوقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مللى تۇرمۇشىدا ئورۇن ئالغان
مەزكۇر خۇسۇسىيەتلىرىنى — ئلگەركى زامانلاردا تارىخى مۇـ
ئەددەم، باي مەدەنىيەتلك خەلق بولغانلىقىدىن، دەپ نىتىجە چقىـ
رىدۇ. ئۇنىڭ كەلگۈسى حاياتىنىڭ پارلاق ئىكەنلىگىنى تۆۋەنكى
سوزلەر بلەن ئسبات قلىدۇ: « دائىما ئېزىش ۋە ئېزىلىش، زورـ
لۇق ۋە زۇمبۇلۇق بۇ خەلقنىڭ قەلبىدە بەعزىبىر ناتوغرى مۇـ
جەزلەرنى پەيدا قلغان... شۇنداقتىمۇ شەرقى تۈركستانلقلار
(ئۇيغۇرلار) باشقا مۇسلمان خەلقلىرىنىڭ بەدىنىدە يوق خاسىيەتـ
لەرگە ئىگە، مابادا باشقىچەرەك برە شارائىت بولۇپ قالغاندا
بۇ خەلق ئوزىنىڭ پارلق دىنى قېرىنداشلىرىنى بېسىپ ئوتكەن
بولار ئىدى».
چوقاننىڭ بۇ دانشمەنلك سوزلىرى روسىيەدە، ئۇلۇغ ئوكـ

نەبر ئىنقىلابىنىڭ ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشدى. رۇسىيە يېرىدىكى ئۇيغۇر خەلقى لېنىن-ستالىن پارتىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ قاتارىدا ئازادلىققا چىقدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنى-ئىقتىسادى ۋە سىياسى تەرەققىياتىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگۈرۈشلەر باشلاندى.

---


ق. عوسمان ئوغلى،

تارىخ فەنلىرى كاندىداتى.


# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تارىخچىسى — مۇسا سايرامى

ئۆتمىش ئەسرلەردە قىممەت باھالىق ئەسەرلىرى بىلەن تارىخ ئىلمىنىڭ غەزىنىسىنى باي قىلغان نۇرغۇن ئۇيغۇر ئالىملىرى بولدى. بولارنىڭ ئارىسىدا XIX نچى ئەسردە ياشىغان ئۇيغۇر تارىخچىلىرىنىڭ بىرى—موللا مۇسا بىن موللا سايرامىدۇر. مۇسا سايرامى شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغ تارىخى ۋاقىئەلىرى دەۋرىدە ياشاپ، بۇ ۋاقىئەلەرنىڭ چوڭ بىر تارىخى يالدامىسى قىلىپ ئاماينى ئەھمىيەتلىك بىر ئەسەر قالدۇردى. بۇ ئەسەرنىڭ ئېتى «تارىخ امنيه» بولۇپ، 1905 نچى يىلدا قازان شەھىرىدە بېسىلىپ چىققان. ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگۈنۈشدە بۇ ئەسەرنىڭ تۇتقان ئورنى ئاھايىتى چوڭدۇر.

شىنجاڭدا XIX نچى ئەسردە ئۇيغۇر خەلقى بىر نەچچە قېتىم مانجۇر يەر ئېگىلىرىنىڭ ئېزىشىگە قارشى قوزغولاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغۇلاڭلارنىڭ ئەڭ چوڭى 1864 نچى يىلى باشلاندى. بۇ قوزغۇلاڭ ئون تۆرت يىل داۋام قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئۆز ئازادلىغى ئۈچۈن فىداكارلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپباردى.

بۇ تارىخى ۋاقىعەلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كوڭلىدە نامايىتى چوڭقۇر تەئسىر قالدۇردى. XIX عەسردە ياشىغان ئۇيغۇر تارىخچىلىرى كوپىنچە ئوز ئەسەرلىرىنى شۇ ۋاقىعەلەرگە بېغىشلىغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەعزى برسى ئوز ۋاقتىدا مەتبەعەدە بېسلغان بولسىمۇ، كوپچىلىگى قول يازما ھالىدا ساقلىنىپ كەلدى. مەسىلەن: ئىلى تارىخچىسى موللا بلالبن موللا يۇسۇفنىڭ «كتاب غزات درملك چين» دىگەن ئەسىرى چوچەكدە ياشىغان قارى قربان على بن حالد حاجىنىڭ «كتاب تاريخ جەدىدەئى جەدىدە» سى ۋە «تاريخ خەمسە» سى مەتبەعەدە بېسىلىب چققان ئىدى. قەشقەرلق حاجى يۇسۇف ۋەلد موللا عشۇرنىڭ، ئاتۇشلق مەھمۇد بەگ ۋەلد مىر ئەحمەد شەيخ غرىبنىڭ، خوتەنلىك مەھمۇد ئەعلەمنىڭ، ياكەندلىك مەھمۇد سالىخنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تارىخى ئەسەرلىرى مۇشۇ كۇنگىچە قول يازما ھالدا ساقلىنىپ كەلگەن.

بۇ ئەسەرلەر ئارىسىدا «تاريخ امنيه» ئوزىنىڭ چوڭ ھەجمى (320 بەتدىن عىبارەت)، ئالغان تارىخى مەسىلىلىرىنىڭ كوپلىگى ۋە ئايرىم مەسىلىلىرىنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭ تەكشۇرۇلىشى بلەن فەرق قلىنىدۇ.

تارىخچىنىڭ ئاساسى ماۋزۇعى: جەنۇبى شىڭجاڭدا 1864 نچى يىلدىن تارتىپ 1878 نچى يىللارغىچە بولغان تارىخى ۋاقىعەلەرگە بېغىشلانغان. بۇ توغرىدا ئەسەرنىڭ ھەر بىر بېتى بۇ ئۇلۇغ تارىخى ۋاقىعەلەرنى ئۇگۇنۇش ئۇچۇن نامايىتى قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك باش مەنبەعلەر بولۇپ خزمەت قلىدۇ.

بۇ ئەسەردە مانجۇر يەر ئېگىلىرى ۋە بەگلىرىنىڭ



ئۇيغۇر خەلقىنى رەھىمسز ئېزىشى، شۇ سەۋەبدىن 1864 ئچى يلدا كۇچا شەھىرىدە ئۇلۇغ قوزغۇلاڭنىڭ باشلىنىشى، بۇ قوزغۇلاڭنىڭ ئايرىم ۋىلايەتلەردە (خوتەن، ياركەند، قەشقەر ۋە باشقىلاردا) قانداق رەۋىشدە كوتۇرۇلىشى، قوزغۇلاڭنىڭ يېڭىب چقىشى ۋە ئايرىم ۋىلايەتلەردە مۇسلمان پادشاھلقلىرىنىڭ تۇزۇلىشى ۋە نەتىجەت پۇتۇن جەنۇبى شىڭجاڭنىڭ ۋە توڭگان خانلىغىنى ياعقۇب بەگ قولىغا كرىشى توغرىسىدا تولۇق ۋە ئوچۇق مەلۇمات بىرىلگەن. شۇنىڭ بلەن كۇچا خانلىغىنىڭ، خوتەن پاشاھلىغىنىڭ ۋە ياعقۇب بەگ دوۋلىتىنىڭ ئچكى تۇزۇلۇشلىر توغرىسىدا تۇرغۇن ھۆججەتلەر كەلتۇرۇلگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ عادالەتلىك، ئازادلق ئۇچۇن عەسرلەر بويىچە ئېلىپ بارغان قەھرىمانە كۇرەشلىرى ۋە بۇ تارىخى كۇرەشلەردە «ئەندىجانلقلارنىڭ» (ئوزبەكلەرنىڭ) ئۇيغۇر خەلققلىپ كەلگەن ياردەملىرى ۋە بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە ياعقۇب بەگ دەۋرىدە مۇستەقل بىر ئۇيغۇر دوۋلىتىنىڭ قۇرۇلىشى، بۇ كتاب ئوچۇق ۋە تولۇق كورسۇتۇلگەن.

تارىخچى ئوزىنىڭ بۇ ئۇلۇغ خزمىتىنى مۇمكىن قەدەر پۇختە زە تولۇق قلشقا ترشقان. ئوزى كورگەن ۋە بلگەن ھۆججەتلەر بلەنلا قاناعەتلىنىپ قالماي يىڭىدىن ماتىرىئاللارنى يىغقان. شۇ ۋاقىعەلەردە ئشتراك ئەتكەن. باشقا ئادەملەر ئارقىلق ئۇ ھەر تۇرلۇك ئۇسۇللار بلەن يىڭى ھۆججەتلەر توپلىغان. بۇ توغرىدا يازغۇچى بىر نەچچە قىتىم ئوزى ئېيتىپ كېلىدۇ. «مشافعة و مواجهة لعنا سوراغلاب وبنه بعضه معتمد ادم ثقات لاريدين تفتيش لب بو اوراق صفحه سيكا ثبت ايتم چراكه بر آدم

新疆

...ى تو...

...ۋقەت «تارىخ ... بلبەز، ب...

... توغرىسىدا بر ئاز ... ۋىلارنى بىرىپ

...ۇسا سايرامى كۇچا شەھرىن 70 كىلومېتر ...

...ن سايرام يېزىسىدا (8) نچى يىللاردا بولسا (ئىبرەك)

...غا كەلگەن. سايرام يېزى چوڭ بول ئوستىدا بولۇپ،

...ئەتراپىدا بولغان يېزىلارنى قوشۇپ ... كېزى

...جاى بولۇپ حىسابلىناتتى. ئازغۇچى سايرام بىز ئادە...

...بنىڭ ئوتتۇرا ئازىيەدىن كوچۈپ كەلگەنلىكلىرىنى ئازغ...

...، خەۋىرى بويىچە، قالماق خانلىرى زامانىسىدا ...

... تاشكەنت ۋە سايرامدىن ھەر يىل قاتار ... «ە» ئىلىگە

...ن آدەمنى اھل اولادى بىلە ... بر ...

... كەلگەن. كېيىن بۇ ئادەملەر ... دەمەن...

... كوچۈپ الان اشبو سايرامغا بارىپ

...ۇر»، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادەملەر يا... يېزى...

...تى بىلەن سايرام» دەپ ئاتايدۇ. شۇ مۇنا...

...ايرامى ئوزىنىڭ ئانا بوۋىلىرىنىڭ بۇخارا شەھىر...

...يدۇ.